# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

- قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر
- ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان ئەڭ قەدىمكى قانۇنى
- ئەينەكتىكى ئىز
- پوقاق


'99 1

ئالغا بېسىۋاتقان بىڭتۇەن قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئىدارىسى





قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ليۇ جىنشياڭ (ئوتتۇرىدا) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ چۈەنيۇ (سولدا) «كالا بېقىش ماھىرى» جاڭ پېيشىڭنىڭ (ئوڭدا) تىجارەت ئەھۋالىنى ئونۇشتۇرماقتا.

قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بىڭتۇەننىڭ شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغان دېۋىزىيە ئىدارىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق 12 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، بىۋاسىتە قاراشلىق بەش سانائەت كارخانىسى، 70 مىڭ نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 400 مىڭ موغا يېتىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئاشلىق، پاختا، باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. 1998 - يىلدىكى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ مۆلچەرى يىللىق 400 مىليون يۈەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئوتتۇرىچە كىرىمى 65 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىدارە ئورۇشلۇق جاي قاتناش، ئالاقە جەھەتتە قولايلىق بولۇپ، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق مەنبەسى مول. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپلىرى تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن تەتقىقاتى، سەھىيە ئورۇنلىرى تولۇق. تەرەققىيات كەلگۈسى پارلاق بولۇپ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپلىرىنى كېڭەيتىشكە مەبلەغ سېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.



تېرتقا توشۇلماقتا



ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئىدارە رەھبەرلىك كوللېكتىپى



بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى



پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: يېي فېڭ

# يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنايلى

## ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 20 يىللىق شانلىق نەتىجىلىرى تەبرىكلىنىۋاتقان ۋاقىتتا 21 - ئەسىرگە قەدەم تاشلىدۇق. ئەسىر ھالقىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنتىپاقلاشقان، گۈللەنگەن، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان مەدەنىي شىنجاڭنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشكە تىرىشماقتا.

يېڭى بىر يىل چوقۇم خۇشاللىق ئىشلار كۆپ بولىدىغان بىر يىل بولىدۇ. دىققەتنى ئەڭ تارتىدىغىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل توشىدۇ، ئاۋمېن ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، مۇشۇنداق خۇشال بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىكى ھەم يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ، ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» نى توپ ئۆلچەم قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاڭلىق بويسۇنۇپ ھەمدە خىزمەت قىلىپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا يەرلىك قانۇن چىقىرىش ھەم ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئىلگىرىلىتىشى لازىم. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېزا ئىگىلىكى ھەمدە دېھقانلار مەسىلىسىنى مۇھىم بىلىپ، يېزىلاردىكى دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر تۈزۈش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك ئىشلىرىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ھەم تەشەببۇسچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم.

يېڭى بىر يىل يەنە قىيىنچىلىق ئاز بولمايدىغان بىر يىل بولىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ھەم سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بۆسۈش بولىدىغان باسقۇچ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇلار ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە ئورگان ئىسلاھاتى قاتارلىق قىيىنچىلىق كۆپرەك ئامىللار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تاقىلىدۇ. بۇلار كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەستايىدىل كۆزىتىشى، ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش، سوئال قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پائال ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتلەردىكى خىزمىتىنى قوللاش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاممىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئىنچىكە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىشى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى چىقماقچى بولغان ھەر خىل ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چۈشىنىش ۋە قوللاشقا، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلىشى لازىم.

يېڭى بىر يىل يەنە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلى بولىدۇ. ئۇ يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنىشنىڭ ھارپىسى. دېمەك بىزنىڭ ئالدىمىزدا خۇشاللىنارلىق ئىشلارمۇ، قىيىنچىلىقلارمۇ تەڭ مەۋجۇت. يېڭى ۋەزىيەت بىز خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كەڭرى زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بىز شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى يولداشلار ئېچىلماقچى بولغان 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ھەم 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى قوغداشنى مۇھىم خىزمەت مەسئۇلىيىتى بىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى توپ ۋەزىپە قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان ھەر خىل ھوقۇقنى پۇختا ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى بىر ئەسىرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋالايلى.



تەبىئەت قۇدرىتى     جارقىن ئابلىز فوتوسى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)
1999 - يىل 1 - سان
(ئومۇمىي 190 - سان)
(19 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل
مۇھەررىرلەر: تاھىر ماموت، نۇرگۈل كېرىم

**ئوبزور** يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنايلى ........................ (1)
**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى** مۇدىر هامىدىن نىياز يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ھەققىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى ........................ (4)
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە مۇخبىرلار-نىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ........................ (6)
قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ........................ مەھەممەت ئىسمايىل (9)
**بىلىم كۆزنىكى** يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۇ-چۇن ئوقۇشلۇق ........................ (13)
**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر** ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ........................ ئەركىن روزى (25)
**خىزمەت تەتقىقاتى** خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە مۇنداق بەش ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرايلى ........................ سىراجىدىن ئىسمايىل (26)
بىۋاستە سايلام داۋامىدا كۆرۈلۈۋاتقان يېڭى ئەھۋاللار ۋە ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ........................ جياڭ چېلىن (27)
خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىپ، «ئۇچكە پايدىلىق بولۇش» ئۈلچىمىدە چىڭ تۇرايلى ........................ كېرەم ئەزىز (32)
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى ........................ روزى ئىسمايىل (34)
**قانۇن تەتقىقاتى** ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان ئەڭ قەدىمكى قانۇنى ........................ نىي خوگېين (37)

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى:

CN65 — 1166/D

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 34 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شىمالى يولى 10- قورۇ

تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63108، 63109




تۈشۈك تاش جارقىن ئابلىز فوتوسى


مۇلاھىزە — سايلامنىڭ دېموكراتىيە دەرىجىسى دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم ······························ نۇردۇن يۇنۇس (42)

جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش — پوقاق ······························ ئابدۇراخمان مامۇت دىيار (45)

تەكشۈرۈش دوكلاتى — ۋەكىل سايلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك ······························ ئەنۋەر شاشرىپ (46)

خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە — نامرات يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ······························ ئىدرىس قادىر (49)

تارىختىن سۆز — دۆڭ شۈەن. قانۇننى ئىجرا قىلىش. بازار ئىگىلىكى ······························ ليۇ جىنسېن (52)

شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنى ······························ ئەھمەد سۇلايمان (54)

خەۋەرلەر — سەككىز پارچە قىسقا خەۋەر ······························ (56)

دېلودىن مىسال — ئەينەكتىكى ئىز ······························ ئادىل مەتنىياز، ئابدۇللا ئىليار (58)

تەرمىلەر — ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە كومىتېت باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىكى ······························ (60)

دانالار ھېكمەتلىرىدىن ······························ ئىلياس ھوشۇر (61)

بىلىۋېلىڭ — ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولغان ئۈچ ئۇقۇم توغرىسىدا ······························ ئابدۇللا ئىسمايىل (62)

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى ······························ (64)

مۇقاۋىدا — يوكسىلىۋاتقان بىكتوەن قومول باشقۇرۇش ئىدارىسى ······························

# مۇدىر ھامىدىن نىياز يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ھەققىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ھەققىدە مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

**سوئال:** بۇ قېتىمقى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئىلگىرىكىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان جايلىرى بارمۇ؟ ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

**جاۋاب:** بۇ قېتىمقى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، 1998 ـ يىللىق كۆرەش نىشانىنى تىرىشىپ ئورۇنداۋاتقان ۋەزىيەتتە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەسىر ھالقىيدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتەك مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ساپاسى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولغان، ئامما ئېتىراپ قىلىدىغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقىش ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى داۋاملىق ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا؛ يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا؛ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تە-

رەقىباتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**سوئال:** بۇ قېتىمقى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە نېمە؟

**جاۋاب:** قانۇن بويىچە ئىش قىلىش نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 846 يېزا - بازاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 50 مىڭغا يېقىن ۋەكىلى سايلاپ چىقىلىدۇ. يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلىدۇ. جايلار نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى، سايلام ۋاقتى ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى، ئارتۇق نامزاتلىق سايلام ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى ۋە تەرەپلىرىدە قەتئىي تۈردە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە قانۇنىي سۈرۈك بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسىدا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلدۇق. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى سەزگەن ھامان ۋاقتىدا پاش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**سوئال:** يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قاتلامدىكى كەڭ ئامما بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان كەڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلغاندا توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟

**جاۋاب:** پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش يۈكسەك بىرلىككە ئىگە، زىچ باغلىنىشلىق، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا، قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكى، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى بەلگىلىگەن. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئاچقۇچ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساس، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كاپالەت. بۇ ئۈچىدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك بەنزىنسىدىكىلەرنىڭ نامزاتىنى پارتكوم كۆرسەتسە «دېموكراتىيە» بولمايدۇ دەيدىغان مۇجمەل قاراشنى تۈگىتىپ، پارتكومنىڭ مۇھىم مەسىلىلەر ۋە كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى قارارىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، دېموكراتىك كېڭىشىش، دېموكراتىك كۆرسىتىش ۋە ئارتۇق نامزاتلىق سايلام ئۆتكۈزۈشنى «ئاۋارىچىلىق»، «شەكىلۋازلىق» دەيدىغان خاتا قاراشنى تۈگىتىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىشىمىز، سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، رەھبىرىي ئورگانلار، رەھبىرىي كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇننى بىلىشى ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشى، قانۇننىڭ سۈرى ۋە نوپۇزىغا باشلامچىلىق بىلەن ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى لازىم. پارتكومنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بولغان رەھبەرلىكىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى قانۇنغا تەتبىقلاپ ھەل قىلىشى كېرەك.

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابى

**سوئال:** يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتكە دۇچ كەلدى، ئۇ قانداق زور ئەھمىيەتكە ئىگە؟

**جاۋاب:** نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور ئىش، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا سايلىغۇچىلار دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى يەرلىك ئورگىنىنى بىۋاسىتە سايلاپ چىقىدۇ، بۇ كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىدىكى ئەڭ بىۋاسىتە ۋە ئەڭ مۇھىم ئەمەلىي ھەرىكەت. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن باشلانغان تۇنجى قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى، بۇ سايلامدا ئەسىر ھالقىيدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا مۇھىم ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

**سوئال:** يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى نېمە؟

**جاۋاب:** يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئاساسلىقى ئىككى مۇھىم ۋەزىپىسى بار: بىرىنچى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ياخشى سايلاپ چىقىش؛ ئىككىنچىسى، ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، يېزىلىق، بازارلىق دۆلەت ئورگىنى رەھبەرلىرىنى ئوبدان سايلاش ۋە سەپلەش. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملار ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قانۇن بويىچە قاتنىشىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئاساسىي قاتلام سىياسىي دېموكراتىيە ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇستەھكەم بولۇش - بولماسلىقىغا بىۋاسىتە تاقىلىدۇ، دۆلىتىمىز يېزىلىرىدىكى دېموكراتىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۈز-

لوكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىغا بارغانسېرى يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ. ساپاسى يۇقىرىراق، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىققاندىلا، ئاندىن يېزىلىق، بازارلىق دۆلەت ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىرىنى ياخشى سايلاپ چىققىلى ۋە سەپلىگىلى بولىدۇ.

سوئال: يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا قايسى جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدىنقى نۆۋەتلىك يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتىكى بىۋاسىتە سايلىمى ۋە يېقىندا ئاخىرلاشقان ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتىكى بىۋاسىتە سايلامىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى مەسىلىنى تولۇق مۆلچەرلەش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك:

1. قېيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك. نۆۋەتتە، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، بىۋاسىتە سايلام قېتىم سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ۋە خىزمەت مىقدارىنىڭ ئاشقانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىپ، سايلام خىزمەتچىلىرىدە قېيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن، سايلام خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلار ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەشۋىقات، تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سايلىغۇچىلارنى دېموكراتىيە ھوقۇقىنى پائال يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

2. پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پەرقلىق سان سايلىمىنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم نەتىجە ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئارزۇسىنى خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى نازارەت قىلىشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. سايلامدا پەرقلىق سان سايلىمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەيئەت رىياسەت كۆرسەتكەن نامزاتلار بىلەن ۋەكىللەر بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزاتلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاشتا، كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋەكىللەرگە ئەستايىدىل تونۇشتۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋەكىللەرنىڭ كۆرسىتىش ھوقۇقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپىنى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

3. قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، قانۇن تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى قانۇنچىلىقى ۋە سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت، بۇنىڭدا قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، سايلامنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىدا، مەسىلەن، ۋەكىللەر سانىنى تەقسىملەش، سايلام رايونلىرىنى ئايرىش، نامزاتلارنى كۆرسىتىش، غۇلغۇلا قىلىش، بېلەت تاشلاپ سايلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە ۋەكىللەر قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئالاقىدار تۈپ پرىنسىپ ۋە كونكرېت تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قەيەر قەتئىي تۈردە قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىنغان بولسا، شۇ يەرنىڭ سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇ مەسىلىدە

توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇش كېرەك، كونكرېت خىزمەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى قەتئىي تۇردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

4. ۋەكىللەرنىڭ ساپاسى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قانۇندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن باشقا 18 ياشقا توشقانلىكى پۇقرالىرى سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بىزنىڭ ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىشىمىز بىلەن زىت ئەمەس، ۋەكىللەرنىڭ ساپاسى ۋە ۋەكىللەر قۇرۇلمىسى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇندا بېرىلگەن تۇرلۇك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ياخشى يۈرگۈزۈش، يۈرگۈزەلمەسلىكىگە، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا، نوپۇزىنى تىكلەشكە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاخىلق قوغدايدىغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىدىغان، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلىپىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغان ۋە ئىنكاس قىلىدىغان، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت جەھەتتە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە يولداشلارنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلاش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، سايلاپ چىقىلغان ۋەكىللەر ۋەكىللىككە ۋە كەڭ دائىرىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، بۇ ھەر قايسى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، بۇ ھەر قايسى تەرەپتىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىشقا پايدىلىق. ئىشچىلار، دېھقانلار، ئاياللار، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ۋەكىللەر ئىچىدە مۇۋاپىق نىسبەتنى ئىگىلىشى كېرەك؛ قانۇندىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك؛ ۋەكىللەر ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن كومپارتىيە ئەزاسى بولمىغانلارنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشتا گىرەلەشتۈرۈپ قويۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك.

5. سايلامدا كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تۈزىتىش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە سايلام خىزمىتى ئاپپاراتلىرى سايلامدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىش ۋە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى خىزمەت يېتەكچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىشى كېرەك. سايلام داۋامىدا، سايلام خىزمىتى ھەيئىتى تۈزگەن سايلام خىزمىتى چارىسىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى تۈزىتىش لازىم. پارا بېرىپ سايلانغۇزۇشنى ياكى مەزھەپ كۈچلەردىن پايدىلىنىپ سايلامنى چاڭگىللىغا كىرگۈزۈۋېلىشنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، ئالدامچىلىق قىلىش ۋە پارا بېرىشكە ئوخشاش قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى ئەركىن يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىش، شۇنىڭدەك سايلام ھۆججىتى ياسىۋېلىش، سايلام بېلىتى سانىنى يالغان مەلۇم قىلىش قىلمىشى ياكى باشقا قانۇنسىز قىلمىشلارنى خاراكتېرىنى پەرقلەندۈرۈپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇننىڭ ئىززىتىنى ھەقىقىي قوغداپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**ئەمەت توختى تەرجىمىسى**

# قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر

— ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەۋەللۇتىنىڭ 980 يىللىقىنى خاتىرىلەپ

○ مەھەممەت ئىسمايىل ○



ئەجدادىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە ياشىغان دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، ئەدىپ. بىزنىڭ بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى ئەسلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ئىدىيىسىدىن ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدۇ، كۈچلۈك دەۋر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسى ۋە سۆز - بايانلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، ئۇ جۇڭگوغا ھەتتا دۇنياغا مەنسۇپ. بىزنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقنى ھەسسىلەپ قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق كلاسسىك ئەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىق بولغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر» دېگەن ئىدىيىسى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ يۈكسەك ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭدا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئېڭىنىڭ جەۋھىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇنى 900 يىلنىڭ ئالدىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ شۇ دەۋردىن ھالقىغان ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە غايىۋى ئىنتىلىشچانلىقى ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۈچلۈك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىز نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنە كېلىپ يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە ئۇزاق يىللارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇ چاغلاردا قانۇن دېگەندىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش دېگەندىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقلىقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇپ، جۇڭگو تارىخىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا

بولغان يېڭى دەۋر ئېچىلدى. «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش» دېگەن سۆز ئاساسىي قانۇنغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى بەرپا قىلغان بولساقمۇ، ئۇ زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىز بەزى ئەگرى يوللارنى باستۇق. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش» دېگەنلەر چۆرۈپ تاشلاندى. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى سىستېمىلىق يەكۈنلىدى، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلدى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، بۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان مەركىزىي كومىتېت قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان تۈپ فاڭجېن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ھەرقانداق تەۋرىنىشنىڭ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.» پارتىيىمىزنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىگە ئاساسەن، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى ھەققىدىكى تەكلىپ» تە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدىمۇ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ فاڭجېنى» ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۇنجى قېتىم پارتىيىمىز تارىخىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ فاڭجېنى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ تارىخىي تەرەققىيات بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ فاڭجېننى بەلگىلەش پارتىيىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ، بۇنى جۇڭخۇا مىللىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن ئەۋلاد كىشىلەر ۋە مەشھۇر ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئورتاق تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز، كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە قانۇنلاشتۇرۇپ، بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان قىلىدۇ، دېگەنلىك». دۆ-

لەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىلمىي مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگىنىمىزدىلا ھەمدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى تىرىشىپ يولغا قويغىنىمىزدىلا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش» ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. بۇ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، خەلققە دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇپ، دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئۆتكۈزۈپ، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش يولىنى تۇتۇپ، خەلقنىڭ كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاز كەم 20 يىلنى بېسىپ ئۆتتى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مۇقەددەس خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

بۇنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، يەرلىك قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلەتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى — قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك. مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى بولمىسا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك قانۇن چىقىرىشنى باشتىن ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تۈزگەن يەرلىك نىزام ۋە چىقارغان نىزام خاراكتېرلىك بېكىتمە 170 تىن ئاشتى. بۇ نىزام ۋە بېكىتمىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىككىنچىدىن، نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتتى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يادروسى قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلەش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قانۇن چىقىرىش بىلەن تەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇسۇلنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، سالماقىنى ئاشۇردى، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەردى. ئاساسلىقى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى، ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، مەخسۇس مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆزدىن

كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەنقىد، پىكىر، تەۋسىيە بەردى، قانۇن بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار ھەققىدە قارار، بېكىتمە چىقاردى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن خادىملارنى باھالاش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى. نازارەتچىلىك كۈچلۈك بولغانلىقتىن قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك مەسىلىسىدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئادىل بېجىرىش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

ئۈچىنچىدىن، قانۇنچىلىق ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. قانۇنچىلىق ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت قانۇننى ھەر مىللەت خەلقىگە تاپشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى ئىككى بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئارقىلىق، كىشىلەر قانۇننىڭ مۇھىملىقىنى بارغانسېرى تونۇماقتا، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان بولماقتا. قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىماقتا. 3 - بەش يىللىق قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 3 - بەش يىللىق پىلانى توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەممە ئادەم قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت مەنپەئىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتەك ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلمەكتە.

لېكىن، شۇنىمۇ تونۇشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز ئۇزاق فېئوداللىق تارىخقا ئىگە بولغانلىقى، ئىلگىرى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئۇزاق ۋاقىت يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىشتا رەھبەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەت ۋە ئىستىل چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋە خېلى كۆپ ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ئاجىز، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىنتايىن مۈشكۈل تارىخىي ۋەزىپە، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى، بۇنى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە، جۈملىدىن ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان بارلىق يولداشلار بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تارىخ بىزگە شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىنى يۈكلىدى. بىز چوقۇم پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، تولۇق كۈچ چىقىرىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولسۇن» دېگەن گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

83. ئايرىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغانلارنىڭ سانى قانچىلىك؟

سوئال: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 39 - ماددىسىنىڭ (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 44 - ماددىسى) 9 - تارماقچىسىدا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇئاۋىن شەهەر باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن هاكىم، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرى ئىچىدىكى ئايرىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى «يىغىن يېپىق مەزگىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ «ئايرىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغانلار» نىڭ كونكرېت سانى قانچىلىك؟ (گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 39 - ماددىسىنىڭ (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 44 - ماددىسى) 9 - تارماقچىسىدا: ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇئاۋىن شەهەر باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن هاكىم، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئىچىدىكى ئايرىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردىكى «يىغىن يېپىق مەزگىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىككى قېتىملىق چوڭ يىغىننىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. «ئايرىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان - ۋەزىپىد-

سىدىن قالدۇرۇلىدىغانلارنىڭ» كونكرېت سانى قانۇندا بەلگىلەنمىگەن. هازىر هۆكۈمەتتىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى خادىملار ئادەتتە 4 ـ 5 كىشى بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا بىر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان هۆكۈمەتتىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبەرنىڭ سانى بىر بولغىنى تۈزۈك. (1990 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)

سوئال: ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئايرىم مۇئاۋىن هاكىم كېيىنكى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا يەنە مۇئاۋىن هاكىملىققا تەيىنلەنسە بولامدۇ؟ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى 1988 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ مەسىلىگە بەرگەن جاۋابىدا: قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە «ھەر قېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنى شۇ دەرىجىلىك هۆكۈمەتتىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ ئايرىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇنى مۇنداق ئىككى خىل چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرى قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئايرىم ساندىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىسە ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرسا بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ھەر قانداق بىر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئايرىم ساندىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىسە ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرسا بولىدۇ، ئەمما ئىككى چوڭ يىغىن ئارىلىقىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلار سانى ئىككىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. يۇقىرىقى ئىككى چۈشەنچىنىڭ قايسىسى توغرا؟ (گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1991 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 39 ـ ماددىسىنىڭ (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 44 ـ ماددىسى) 9 ـ تارماقچىسىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن هاكىم، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرىدىن ئايرىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەسە ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «يىغىن يېپىق مەزگىل» ئىككى چوڭ يىغىن ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئايرىم ساندىكىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش» نىڭ كونكرېت سانى قانۇندا بەلگىلەنمىگەن، هازىرقى هۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبىرىي خادىملار ئادەتتە 4 ـ 5 كىشى بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا ئىككى چوڭ يىغىن ئارىلىقىدىكى بىر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان هۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ سانى بىر نەپەر بولغىنى تۈزۈك. سىلەر ئىككى قېتىملىق چوڭ يىغىن ئارىلىقىدىكى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ سانى ئىككىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ دەپسىلەر. بۇنى سىلەر قارار قىلساڭلار بولىدۇ. (1992 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)

**84. رايون باشلىقىنىڭ ئورنى بوش قالسا، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇۋەققەت نامزات كۆرسىتىپ، مۇئاۋىن رايون باشلىقىدىن بىرىنى خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا كۆرسەتسە بولامدۇ؟**

**سوئال: ئۆلكىمىزنىڭ كونمىڭ شەھىرى پەنلۇڭ رايونىنىڭ باشلىقى خىزمەت يۆتكىلىش سەۋەبى بىلەن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئىستىپا سۇنغان.**

رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رايون باشلىقىنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەر ئىچىدىن مۇۋەققەت رايون باشلىقى نامزاتىنى بېكىتىش كېرەكمۇ - يوق؟ مۇۋەققەت نامزاتنى بېكىتمەي، پەقەت بىرلا مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رايون باشلىقىنى خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرسا بۇ قانۇنغا ئۇيغۇن بولامدۇ؟ (يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)

جاۋاب: رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رايون باشلىقىنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرى ئىچىدىن بىرنى مۇۋەققەت رايون باشلىقلىق نامزاتىغا كۆرسىتىشى لازىم. رايون باشلىقلىقىغا مۇۋەققەت نامزاتنى بېكىتىشتىن بۇرۇن، مۇئاۋىن رايون باشلىقىدىن بىرنى خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا قويسا بولىدۇ. (1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

85. نازارەت - ئىدارە باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، قوللىغان ئاۋاز تەڭدىن ئاشمىسا، شۇ بىر قېتىملىق يىغىندا ئوخشاش بولغان ئىسىملىكنى قايتا ئاۋازغا قويۇشقا بولامدۇ؟

سوئال: نازارەت - ئىدارە باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، قوللىغان ئاۋاز يېرىم ساندىن ئاشمىسا، شۇ بىر قېتىملىق يىغىندا ئوخشاش بولغان ئىسىملىكنى قايتا ئاۋازغا قويۇشقا بولامدۇ؟ (ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1987 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

جاۋاب: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەت - ئىدارە باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، قوللىغان ئاۋاز دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن ئاشمىسا، شۇ بىر قېتىملىق يىغىندا ئوخشاش بولغان ئىسىملىكنى قايتا ئاۋازغا قويۇشقا بولمايدۇ. (1987 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)

86. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى سايلاپ چىقمىغان بولسا، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟

سوئال: خېبېيلىك شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىق نامزاتى ئېرىشكەن ئاۋاز سانى تەڭدىن ئاشمىغان، مۇۋەققەت سوت مەھكىمىسى باشلىقىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ بىزنىڭ پىكرىمىز، خېبېيلىك شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھازىرقى مۇئاۋىن سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى ئىچىدىن بىرنى مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلىسە بولامدۇ؟ (خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1988 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى)

جاۋاب: خېبېيلىك شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يېڭى باشلىقىنى سايلاپ چىقمىغان بولسا، خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمىز، بىراق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى مۇئاۋىن باشلىقلار ئىچىدىن بىرنى مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى قىلىپ بېكىتىشى كېرەك. (1988 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)

87. ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئىجراچىنى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەمدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئىجراچى ۋە ئىجرا كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى سۇنغان. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يۇقىرى

خەلق سوت مەھكىمىسىگە جاۋاب بېرىپ: ئىجراچىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىمەي، سوتچىلارنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن بولسا سوتچىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىسە بولىدۇ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجراچىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىجراچىنى ۋە ئىجرا كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىسە بولامدۇ ـ يوق؟ (جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

جاۋاب: ① ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 209 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدا: «ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىجرائىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشى قانۇندا بەلگىلەنمىگەن.

② سوت مەھكىمىسى تەشكىلىي قانۇنى 35 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى سايلاپ چىقىدۇ، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى ۋە سوتچىلارنى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 41 ـ ماددىسىدا: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجراچى تەسىس قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجراچىسى ۋە ئىجرا كوللېگىيە باشلىقىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ دەپ بەلگىلەنمىگەن. (1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)

88 ـ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، قايسى كوللېگىيە ئىكەنلىكىنى كونكرېت كۆرسىتىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟

سوئال: ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىمىز ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات سۇنۇپ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا قايسى كوللېگىيىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى ئىكەنلىكىنى كونكرېت كۆرسەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان، بۇنىڭدىكى سەۋەب يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقى بارلىقى بەلگىلەنگەن. كونكرېت كوللېگىيىنى كۆرسىتىدىغانلىقى بەلگىلەنمىگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇنداق قىلغاندا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىشىغا پايدىسىز، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق نازارەت باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، مۇدىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، قايسى نازارەتنىڭ نازىرى، قايسى ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇنى قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق، دەپ ئېنىق كۆرسەتمىسەكمۇ بولىدۇ دېيىش مۇۋاپىقمۇ؟ (جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1990 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

جاۋاب: ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇق. (1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

89 ـ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ

باش تەپتىشنىڭ ئورنى بوش قالسا، مۇۋەققەت نامزاتنى كىم بېكىتىدۇ؟

سوئال: جىلىن ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى سىفاڭتوزى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، مۇئاۋىن باش تەپتىشنى مۇۋەققەت باش تەپتىشلىككە تەيىنلىمەكچى بولغان، ۋاكالەت ئورگىنىدىكى مۇۋەققەت باش تەپتىشنى كىم ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؟ (جىلىن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)

جاۋاب: ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىش ئورنى بوش قالسا، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇئاۋىن باش تەپتىشتىن بىرنى مۇۋەققەت باش تەپتىشلىككە تەيىنلىسە بولىدۇ. (1992 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)

90. شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە تەپتىش خادىملىرى تەرەققىيات رايونىدىكى ۋاكالەت تەپتىش مەھكىمىسىگە ئوخشاش ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەندە، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىشى كېرەكمۇ - يوق؟

سوئال: جياڭسۇ ئۆلكە جېنجياڭ شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى داگاڭ ۋە خېدىڭنىڭ تەرەققىيات رايونىدا تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە تەپتىش خادىمىنى شۇ تەپتىش مەھكىمىسىگە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە تەپتىش خادىمى دېگەن ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتسە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىشى كېرەكمۇ؟ (جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1994 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

جاۋاب: تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ياكى تەپتىش خادىمىنىڭ تۆۋەندىكى تەپتىش مەھكىمىسىگە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ياكى تەپتىش خادىمى بولۇشىنى شۇلارنى ئەۋەتكەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. (1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

91. ۋىلايەت شەھەرگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئەسلىدىكى ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلانغان باش تەپتىشلەرنى ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىسا بولامدۇ؟

سوئال: ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ چۇشيەن ۋىلايىتى چۇجۇ شەھىرىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىلگىرىكى چۇشيەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلغان. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، سايلانغان باش تەپتىشنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك. بىراق چۇجۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى 7-، 8 - ئايلاردا بارلىققا كەلتۈرۈلمەكچى. بۇنداق بولغاندا ۋاقىت ئۈزىرىپ كېتىپ، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە پايدىسىز بولىدۇ؛ شۇڭا ئەنخۇي ئۆلكىسى ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنىڭ سابىق چۇشيەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردە سايلاپ چىقىلغان باش تەپتىشلەرنى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇشىنى قارار قىلغان. بىزنىڭ پىكرىمىز، كومىتېتىڭلارنىڭ ۋىلايەت بىلەن شەھەر قوشۇۋېتىلگەندىن

كېيىن، يېڭى شەھەرلىك ھاكىمىيەت بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى داۋاملىق ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، دېگەن جاۋابىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى چۆشيەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان باش تەپتىشلەرنى ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنسا بولىدۇ. سىلەرچە قانداق؟ (ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)

جاۋاب: ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمىز. (1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)

92. ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، ئەسلىدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى ئۆتەش زۆرۈرمۇ؟

سوئال: كومىتېتىڭلارنىڭ ئىلگىرى بەرگەن جاۋابىدا: ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى قانۇن بويىچە قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ، دېيىلگەن. ئۇلارنى قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، ئەسلىدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەش زۆرۈرمۇ؟ (فۇجيەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

جاۋاب: سوت مەھكىمىسى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 - ماددىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 25 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى باش تەپتىشىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ۋىلايەتلەردە ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىرىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى قايتا ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، ئەسلىدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى ئۆتمىسىمۇ بولىدۇ. (1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)

93. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە شەھەر باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسى قانداق ئېلىپ تاشلىنىدۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزدىكى مەلۇم شەھەرنىڭ باشلىقى مەسىلە سادىر قىلغانلىقتىن، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئۇنى شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولدى. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە شەھەر باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسى قانداق ئېلىپ تاشلىنىدۇ؟ (جياڭسۇ ئۆلكىلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 10 - ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق. 1957 - يىلى ئېلان قىلىنغان «گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش - جازالاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نىڭ 10 - ماددا 3 - تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويسا بولىدۇ؛ زۆرۈر تېپىلغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىسىمۇ بولىدۇ. (1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)

94. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ھۆكۈمەتكە قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرىغا سۈرۈشتۈرمە قويسابولامدۇ؟

سوئال: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 23 - ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 28 - ماددىسى) دا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ئوندىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرىغا سۈرۈشتۈرمە قويسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 42 - ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 47 - ماددىسى) دا دائىمىي كومىتېت يىغىنى مەزگىلىدە، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە سۈرۈشتۈرمە قويسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنداقتا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ھۆكۈمەتكە قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرىغا سۈرۈشتۈرمە قويسا بولامدۇ - يوق؟ (ئەنخۇي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1988 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 42 - ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 47 - ماددىسى) دا: خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانى بويىچە بىرلىشىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارماقلىرىغا سۈرۈشتۈرمە قويسا بولىدۇ. (1988 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)

95. ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى تەقىپ قىلىش قاتارلىق جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش جەھەتتىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتا قايسى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ ئىجازەت ئالىدۇ؟

سوئال: ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى تەقىپ قىلىش قاتارلىق جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتا قايسى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ ئىجازەت ئالىدۇ؟ (شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1994 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

جاۋاب: ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى تەقىپ قىلىش قاتارلىق جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتا، تەدبىر قوللانماقچى بولغان ئەدلىيە ئورگىنى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتىدىن ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئىجازەت ئالسا بولىدۇ. (1994 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى)

96. شەھەرلىك ھەم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ۋەكىلنى قولغا ئېلىشتا شەھەرلىك ھەم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئىجازەت ئې-

لىش كېرەكمۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزگە قاراشلىق ئىگىبو شەھىرىدىكى يۇتو رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىگىبو شەھەرلىك ھەم يۇتو رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئىدى، ئۇ خىزمەتتە بېپەرۋالىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىگىبو شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنى قولغا ئالماقچى بولدى، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشتىن ئىلگىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئىگىبو شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە يۇتو رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشى كېرەك. مەزكۇر ۋەكىلنى قولغا ئېلىشتا شەھەرلىك ھەم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشى كېرەكمۇ؟ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى مۇنداق ئىككى خىل پىكىردە بولدى: بىرىنچى خىل پىكىردىكىلەر مەزكۇر ۋەكىلنى قولغا ئېلىشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالسىلا بولىدۇ، دەپ قارىدى؛ ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ـ رەھبەرلىك قىلىنىش مۇناسىۋىتى يوق، شەھەرلىك ھەم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ۋەكىلنى قولغا ئېلىشتا مۇشۇ ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئىجازەت ئېلىش كېرەك، دەپ قارىدى. (جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1989 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)

جاۋاب: يۇقىرىقى مەسىلە ھەققىدە قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2 ـ خىل پىكىر بويىچە بېجىرىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. (1989 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

97. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە مۇدىرلار يىغىنى ئىجازەت بەرسە بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزنىڭ ئەنچاڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر ۋەكىلى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى باسقانلىقتىن، ج خ ئورگانلىرى ئۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن 15 كۈن تۇتۇپ تۇرماقچى بولدى. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى يېپىق مەزگىلدە مەزكۇر ۋەكىلنى تۇتۇپ تۇرۇشقا مۇدىرلار يىغىنى ئىجازەت بەرسە بولامدۇ؟ (جياڭشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى)

جاۋاب: ۋەكىللەر قانۇنى 30 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە قانۇندا بەلگىلەنگەن جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللانماقچى بولغاندا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەك، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشقا بولمايدۇ. (1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)

98. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قولغا ئېلىشقا ئىجازەت بېرىش قارارىنى ئېتىراپ قىلىشتا بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى كىم خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سۇنىدۇ؟ ئۇ ئاۋازغا قويۇلامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزنىڭ بىر نەپەر ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى پارا ئېلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى، قولغا ئېلىنغاندا مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغان، هازىر ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇنى ئېتىراپ قىلىش ئاۋازغا قويۇلامدۇ؟ (جياڭشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1993 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

جاۋاب: ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى سۇنغان مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قولغا ئېلىشقا ئىجازەت بېرىش قارارىنى ئېتىراپ قىلىشتا، ئۇ دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلۇشى كېرەك. (1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)

99. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قولغا ئېلىشنى قايسى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزنىڭ يەنتەي شەھىرىدىكى بىر نەپەر ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ ـ ساتقانلىقى ئۈچۈن، يەنتەي رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغان، بۇنى قايسى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ؟ (شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1990 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)

جاۋاب: رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قولغا ئالماقچى بولغاندا، رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بىۋاسىتە يوللاپ ئىجازەت ئالسا بولىدۇ ياكى رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاپ، ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالسىمۇ بولىدۇ. (1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)

100. رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە توغرا كەلسە، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىش كېرەكمۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزنىڭ كۈنمىڭ شەھىرى مەلۇم رايونىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قىمار ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ج خ ئورگىنى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلماقچى بولغاندا، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىنغان. هازىر ج خ ئورگىنى ئۇنى ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇنى رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىش كېرەكمۇ؟ (يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)

جاۋاب: ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش تەدبىرىنى قوللىنىشتا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەشتە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. (1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)

101. قۇرۇلتاي ۋەكىلىنى چاقىرتىپ 24 سائەت تۇتۇپ تۇرۇشتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەكمۇ؟

سوئال: ۋۇئەن شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر ۋەكىلى تەپتىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن پارا ئېلىش مەسىلىسى بار، دەپ گۇمان قىلىنغاچقا، باش تەپتىش شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرىغا تېلېفون بېرىپ، بۇ ۋەكىلدىن سۈرۈشتۈرىدىغان ئازراق ئىش بارلىقىنى ئېيتقان. ئۇلار قوشۇلغاندىن كېيىن تەپتىش مەھكىمىسى بۇ ۋەكىلنى مېھمانخانىغا چاقىرتىپ مەسىلىنى سۈرۈشتۈرگەن. سۈرۈش-

تورۇش داۋامىدا مەزكۇر ۋەكىلنىڭ تاماقلىنىشى، ھاجەتكە چىقىشى ۋە ئۇخلىشى تەقىپ قىلىنغان، كەچتە ئۆيىگە قايتىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان. 24 سائەتتىن كېيىن تەپتىش مەھكىمىسى مەزكۇر ۋەكىلنى قويۇۋەتكەن. بۇ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خەلق ۋەكىلىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرى قوللانغانلىقى بولامدۇ؟ يۇقىرىقىدەك تەدبىر قوللىنىشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەكمۇ - يوق؟ (1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)

جاۋاب: چاقىرتىش جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرى ھېسابلانمايدۇ. خەلق ۋەكىللىرىنى چاقىرتىشتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش ھاجەتسىز. 2. ۋۇئەن شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋاڭنى چاقىرتىش ئۇسۇلى مەلۇم دائىرىدە ۋاڭنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىك بولىدۇ. بۇ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق مەسىلىسى. بۇنى تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك، شۇنداقلا تەپتىش مەھكىمىسى ۋەكىل ئالدىدا ئۆزىنى مۇۋاپىق تەكشۈرۈشى كېرەك. (1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

102. خەلق ۋەكىللىرىنى قولغا ئېلىشتا ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىغا تەستىقلىتىش، ئاندىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش كېرەكمۇ؟

سوئال: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭىنىڭ «خىزمەت خەۋەرلىرى» (1984 - يىل 13 - سان) دە: ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشتا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قارار چىقىرىلىشى كېرەك. ئەگەر نەق جىنايەتچى بولۇپ قانۇن بويىچە دەرھال قولغا ئېلىشقا توغرا كېلىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغى-

نىنى ئېچىپ تەستىقلاشقا ئۈلگۈرمىسە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى تەستىقلىسا بولىدۇ، كېيىن ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ ئېتىراپ قىلدۇرۇش كېرەك. مۇدىر ياكى كۈندىلىك خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن مۇدىر تەستىقلىسا بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلگەن. بىز مۇشۇ جاۋابنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامىدا مۇدىرلار يىغىنىنىڭ مۇشۇ ھوقۇقىنى بېكىتسەك بولامدۇ؟ (جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 30 - ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 35 - ماددىسى) دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي، قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي قولغا ئېلىشقا ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر نەق جىنايەتچى بولۇپ تۇتۇپ تۇرۇلماقچى بولسا، تۇتۇپ تۇرغۇچى ج خ ئورگىنى دەرھال شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىگە ياكى دائىمىي كومىتېتقا مەلۇم قىلىشى كېرەك. ۋەكىل نەق جىنايەت بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلماقچى بولسا (قولغا ئېلىنماقچى ئەمەس)، چوقۇم يۇقىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەلۇم قىلىش كېرەك. ئەگەر نەق جىنايەتچى بولۇپ قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، شۇنداقلا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى ۋاقتىدا ئاچقىلى بولمىسا، ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ ئىجازىتىنى ئالسا، ئاندىن مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېيىنكى سانلىق يىغىنىدا ئېتىراپ قىلىشقا سۇنسا بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامىدا بەلگىلە-

سەك بولامدۇ؟ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئويلىنىپ كۆرسە. بەلگىلەشكە توغرا كەلسە بۇنى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ بىر خىل ھوقۇقى، دەپ بەلگىلەش مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 30 ـ ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 35 ـ ماددىسى)نى ئىجرا قىلىشتىكى بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە قوشۇمچە بەلگىلىمە قىلىش كېرەك. (1989 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

سوئال: ئۆلكىمىزدە بىر ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى شۇنداقلا مەلۇم شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى پارا ئالغانلىق جىنايىتى بىلەن شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئالماقچى بولغان. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ئەمدىلا ئېچىلىپ بولغانلىقتىن، قانۇن كومىتېتىنىڭ 1989 ـ يىلدىكى «نەق جىنايەتچىلەر چوقۇم قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىشقا توغرا كېلىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى ۋاقتىدا ئاچقىلى بولمىسا، ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، ئاندىن مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېيىنكى سانلىق يىغىنىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سۇنۇشى كېرەك» دېگەن جاۋابىغا ئاساسەن، بۇ مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ كېيىنكى سانلىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سۇنۇلامدۇ؟ (شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)

جاۋاب: كومىتېتىمىزنىڭ 1989 ـ يىللىق جاۋابىدا مۇنداق دېيىلگەن: ۋەكىل نەق جىنايەت بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلماقچى بولسا (قولغا ئېلىنماقچى ئەمەس)، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاش كېرەك. ئەگەر نەق جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىشقا توغرا كېلىپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ۋاقتىدا ئاچقىلى بولمىسا، ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، ئاندىن مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېيىنكى سانلىق يىغىنىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سۇنۇشى لازىم. ۋەكىلنىڭ پارا ئېلىشى دەرھال قولغا ئېلىنىدىغان نەق جىنايەتكە ياتمايدۇ. بۇنىڭدا كېيىنكى سانلىق ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىغا سۇنۇپ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. (1994 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)

103. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ تۇرالغۇسىنى تەقىپ قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىشتا، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتى ئېلىنغان، ئەمدى ئۇنى سوتلاشتا يەنە يوللاپ ئىجازەت ئېلىش كېرەكمۇ؟

سوئال: لىنخەي شەھىرىدىكى بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىقتىسادىي جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى تەقىپ قىلىشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتى ئېلىنغاندى، ھازىر سوتلىماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەكمۇ؟ (جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)

جاۋاب: شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ تۇرالغۇسىنى تەقىپ قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتى ئېلىنغان بولسا، ئۇنى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاشتا يەنە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمىسىمۇ بولىدۇ. (1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

104. ۋەكىلنى كېپىلگە بېرىپ سوراقنى كۈتكۈزگەندە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغان، سوتلىغاندا يەنە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەكمۇ؟

سوئال: جىڭخۇا شەھىرىدىكى بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جىڭخۇا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجا-

زىتى بىلەن تەپتىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن كېپىلگە بېرىپ سوراقنى كۈتۈشكە بۇيرۇلغان. ھازىر تەپتىش ئورگىنى سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبنامە سۇنۇپ، سوت مەھكىمىسى ئۇنى سوتلىماقچى بولدى. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سوت مەھكىمىسى سوتلاشتا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىدى، بۇ قانۇنىي تەرتىپكە ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى كېپىلگە بېرىپ سوراقنى كۈتكۈزۈشتە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغان، سوتلاشتا يەنە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەكمۇ؟ (جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)

جاۋاب: شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە كېپىلگە بېرىپ سوراقنى كۈتكۈزۈش تەدبىرى قوللانغاندا، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتى ئېلىنغان بولسا، ئۇنى سوتلاشتا يەنە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمىسىمۇ بولىدۇ. (1994 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)

105. ۋەكىلنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرۇش رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ؟ ۋەكىلنىڭ ۋەزىپىسى ۋاقىتلىق توختىتىلغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىمۇ ۋاقىتلىق توختىتىلامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزدە ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ يەنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرىنىڭ پارا ئالغانلىق قىلمىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىنىپ ئەيىبلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، سوتلىنىشتىن بۇرۇن ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئۇنىڭ ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىماقچى بولدى. بىزنىڭ پىكرىمىزچە، ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 40 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىش كېرەك ئىدى، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىش رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ؟ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ۋاقىتنچە توختىتىلغاندىن كېيىن، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقى ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىمۇ تەڭ توختىتىلامدۇ؟ (چىڭخەي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، 1994 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)

جاۋاب: 1. ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىشتا قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەش ھاجەتسىز. مەزكۇر ۋەكىلنىڭ پارا ئالغانلىق قىلمىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئەيىبلەنگەنلىكى، ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 40 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقىتنچە توختىتىلغانلىقى قۇرۇلتايدا ياكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا جاكارلانسا بولىدۇ.

2. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ۋاقىتنچە توختىتىلسا، ئۇنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى ۋەزىپىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ۋاقىتنچە توختىتىلىدۇ.

3. پارا ئالغانلىق قىلمىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئەيىبلەنگەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىش ياكى ئېلىۋەتمەسلىكنى ئەسلىدىكى سايلام رايونى ياكى ئەسلىدىكى سايلىغۇچى ئورۇن بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانسا، ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى ۋەزىپىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا قالدۇرۇلىدۇ. ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانمىغان بولسا، ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش ـ تاشلىماسلىقنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بەلگىلەيدۇ. (1994 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

(داۋامى بار)

# ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

ئەركىن روزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەكىتلىنىۋاتقان، شۇنداقلا ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش نىشان قىلىنغان بىر مۇھىم خىزمەت. بۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن مېنىڭچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

1. ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى.

نۆۋەتتە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھوقۇق قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدىغان، سىياسەت بەلگىلەشتە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلمەيدىغان، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە قانۇن ئېسىگە ئېلىنمايدىغان، ئىش بېجىرگەندە قانۇننى بىلمەيدىغان، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى باسىدىغان ئىشلار يەنىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بۇ مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرى ئەمەلىيەتتە ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كېرەكمۇ ياكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. ئاساسىي قانۇندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ئورگانلىرىغا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ۋە باشقا قانۇنلۇق تەشكىلاتلارغا شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ۋاكالەتچى خادىملارغا بەرگەن. شۇڭا، دۆلەتنىڭ ھەر ساھە كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار قەتئىي ھالدا قانۇن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ھوقۇقنى چوقۇم خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە قانۇن يول قويغان دائىرىدە يۈرگۈزۈشى كېرەك. ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىش، قانۇنسىز ئىش بېجىرىش زامان ۋە ماكاننىڭ تەلىپىگە لايىق ئەمەس، شۇنداقلا بىزنىڭ «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈملۈك دۆلەت قۇرۇش» شوئارىمىزغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

2. رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى.

سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە، خەلق جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىدىغان «چاكار» لار. خەلق بۇ «چاكار» لارنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزگەن - يۈرگۈزمىگەنلىكىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. قانۇن بويىچە سىياسەت بەلگىلەش ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەسىلىسىنىڭ ئاچقۇچى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىشى ۋە قانۇننى ياخشى ئىشلىتىشىدە. مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ۋە تۆلەم قانۇنى دەل پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىشىنىڭ قانۇنىي كاپالىتى. شۇڭا، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى بىر تەرەپلىمە ھالدا «پۇقرانى ئىدارە قىلىش» نىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

3. قانۇننى ئىجرا قىلىش بىلەن سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى.

سىياسەت قانۇننىڭ روھى، لېكىن بەزى سىياسەتلەر قانۇندەك قېلىپلاشمىغان. قانۇن - تۈزۈمنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ئېچىۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بىز سىياسەتكە تايىنىشتىن قانۇنغا تايىنىشقا ئۆتۈشىمىز، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئىشتا قانۇننى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز، قانۇن - تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرۈش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان كىشىلەرمۇ سىياسەت بەلگىلەشتە، ھەر بىر سورۇندا سۆز قىلغان، ھۆججەتلەرنى تەييارلىغان، مۇھىم مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا شۇنداقلا تۈرلۈك ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، قانۇنىي ئاساس بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىنى ئويلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

4. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بەزىلەر ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇنلىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى قانۇننىڭ يېتەكلىشىگە، كاپالىتىگە ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىگە موھتاج. قايسى جايدا قانۇنچىلىق چىڭ تۇتۇلۇپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىكەن شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق، ساغلام راۋاجلىنىدۇ. بىر جاينىڭ مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىگە باھا بېرىشتە ئەڭ ئاۋۋال شۇ جايدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ قانۇن بويىچە بولۇۋاتقان - بولمايۋاتقانلىقىغا، قانۇن ئۆگىنىش، قانۇن تەتبىقلاش كەيپىياتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا، خەلق مەنپەئىتىنىڭ قانۇن بويىچە قوغدالغان - قوغدالمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا ھەل قىلىشقا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بىر قانچە مۇناسىۋەت توغرا بىر تەرەپ قىلىنسا قالغان مەسىلىلەرنى ئوڭاي ھەل قىلغىلى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى، خەلقنىڭ كېلەچىكىنى تولۇق مۆلچەرلىگىلى، شۇنداقلا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

# خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە مۇنداق بەش ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرايلى

سىراجىدىن ئىسمايىل

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، هازىرقى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇش — نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا تېخىمۇ يېڭى ۋە يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىدە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بېرى، خىزمەتلەر ئىزچىل ياخشى تۇتۇلغاچقا، يىلمۇيىل ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى ياكى كەلمەكتە. جۈملىدىن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىمۇ يېڭى شارائىتتا ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك قۇرۇلۇشى ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز سىستېمىسى بويىچە خىزمەتلەرنى جانلاندۇردى. ئەمما، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن قارىغاندا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىدىن تېخى يىراق بولۇپ، پەرقلەر ھېلىھەم چوڭ. ئالايلۇق، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان نازارەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىنىش مەسىلىسى، دېموكراتىك باھالاش ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى، قانۇن تۇرغۇزۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش مەسىلىسى ... قاتارلىق مەسىلىلەردە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى بۆسۈش يارىتالماسلىقتەك يېتەرسىزلىكلەر ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بەش ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

1. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەقىقىي تۈردە يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سالماق ۋە سەۋىيىگە ئىگە يىغىن ھۆججەتلىرىنى تەييارلاپ، ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك.

2. ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ۋە مۇشۇ ھەقتە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنى داۋاملىق چاقىرىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

3. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارەت، كومىتېت ۋە ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قەرەلسىز باھالاش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى كۈچەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

4. ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

5. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى جەھەتتە يېڭى ھەم ياخشى باشلىنىش بولۇش كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزى ئۆسۈپلا قالماي، بەلكى ئىزدىنىش ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە تەجرىبە ۋە ئۇسۇللار يارىتىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

# بىۋاستە سايلام داۋامىدا كۆرۈلۈۋاتقان يېڭى ئەھۋاللار ۋە ئۇنىڭ تەدبىرلىرى

○ جياڭ چىلىن ○

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيتىلىشى، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىۋاستە سايلامدىكى سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىل نامزاتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي ئامىلدا بەزى يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. ناھىيە - يېزىلاردىكى بىۋاستە سايلامدا بەزى يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

بىرىنچىسى، تەشۋىقات، سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە، يېزا - كەنتلەردىكى ئاز بولمىغان سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس، ئۇلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى بۇرۇنقىدىن ئاجىزلاپ قالدى. ئۇلار «مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز»، «تايىنى يوق ئىش» دەپ ھېسابلىماقتا. ئاز ساندىكىلەر يەنە ھەر قېتىملىق سايلامنى كونا گەپلەر دەپ قاراپ، زېرىكىش كەيپىياتىدا بولماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زامانىمىزدا تەشۋىقات ۋاستىلىرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن تەشۋىقات ئۇسۇلى ۋە شەكلى يەنىلا كونا پەيدە كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، تەشۋىقات، سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىمەك نىسبەتەن قىيىن بولۇۋاتىدۇ.

ئىككىنچىسى، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش جەھەتتە، سايلام قانۇنىدا: «سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش ئىشلىرى سايلام رايونى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملاش ئارقىلىق بېكىتىلگەن سالاھىيىتى ئۇزاق مۇددەت ئىناۋەتلىك بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھەر خىل تىپتىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە، بۇ رايونلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى ئېنىق ئەمەس؛ كۆچمە نوپۇسلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتىدۇ؛ ئادەم بىلەن نوپۇس ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا؛ «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە؛ چەت ئەللەرگە بېرىپ كېلىدىغانلار، چەت ئەللەردە تۇرۇپ قالغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىگە نىسبەتەن زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ.

ئۈچىنچىسى، سايلام رايونلىرىنى ئايرىش جەھەتتە، سايلام قانۇنىدا: «سايلام رايونلىرى ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ ئايرىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئورنى، كەسپىي ئورنى، خىزمەت ئورنىغا ئاساسەن ئايرىلسىمۇ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ھالبۇكى، ھازىر كارخانىلار ئارىسىدا ھەر خىل شەكىلدىكى بىرلىشىش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش تەدرىجىي كۆپەيمەكتە. كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. كارخانىلارنىڭ تاقىلىپ قېلىش، ۋەيران بولۇش ھادىسىلىرىمۇ پات - پات كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا، ئەينى سايلام رايونلىرىنى ئايرىش ئۇسۇلى ۋە بىرلەشمە سايلام رايونلىرىنى ئايرىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق قوللىنىش ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

تۆتىنچىسى، ۋەكىللەرنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە، يېقىندىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن سايلام قانۇنىدا ۋەكىللەرنىڭ سانىنى پرىنسىپ جەھەتتىن بەلگىلىگەن بولۇپ، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر سانى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا ئازىيىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ناھىيە، يېزىلارنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل بولۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ. ۋەكىللەر سانىنى تەقسىم قىلىدىغان چاغدا، زۆرۈر بولغان كادىرلار ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ئويلىنىش كېرەك، ھەر قايسى جەھەتلەرگىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئويلىنىش كېرەك. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋەكىللەر سانىنى تەقسىم قىلىش خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ ئېشىپ بارماقتا.

بەشىنچىسى، نامزات كۆرسىتىش، كېڭىشىش جەھەتتە، ئىلگىرى پارتىيە ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرىدىن تاشقىرى، سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنى كېڭىشىپ بېكىتىش بىر قەدەر ئاسان بولغانىدى. ئەمما ھازىر بۇ ئەھۋالدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرىسى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا، مۇنەۋۋەر كادىرلار، كارخانىچىلار، كەسپىي ئائىلىلەر، تېخنىكا ماھىرلىرى ۋە ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىلغار شەخسلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلمەكتە. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەكىل نامزاتلىقىغا نىسبەتەن مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا، سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرى سانى كۆپەيمەكتە. ئىككىنچىسى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ئورۇنلار، ھەر قايسى قاتلاملار ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي مۇستەقىل مەنپەئەتى (يالغۇز ئىقتىسادىي مەنپەئەتلا ئەمەس) بارلىققا كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ياكى تېخىمۇ زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرىنىڭ سايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سايلىغۇچىلار ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ۋە كېڭىشىدىغان چاغدا، ھەمىشە ئالدى بىلەن ئۆز ئورنىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ، ئۆز سايلام رايونىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئېھتىياجىنى ئويلايدۇ.

ئالتىنچىسى، بىلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشكە تەشكىللەش جەھەتتە، بىلەت تاشلاپ سايلام ئۆتكۈزۈش بىۋاسىتە سايلامدىكى ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئەمەلىيەتتە، مەشغۇلات ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەيدىغان چاغدا، سايلىغۇچىلارنى ئىدىيە جەھەتتىن سەپەرۋەر قىلىش قىيىن بولۇش، سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش ئەھۋالىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش قىيىن بولۇش، سايلام كۈنى ۋە ئورنىنى ئۇقتۇرۇش قىلىش قىيىن بولۇش، بىلەت تاشلاشنى ھاۋالە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولۇش، بولۇپمۇ سايلام چوڭ يىغىنى ئاچقاندا ۋە بىلەت تاشلاش پونكىتلىرىنى تەسىس قىلغاندا، سايلىغۇچىلارنى تەشكىللەش ناھايىتى قىيىن بولۇش، ئاز ساندىكى جايلاردا ھەتتا پۇل خەجلەپ تۇرۇپ سايلىغۇچىلارنى بىلەت تاشلاشقا تەكلىپ قىلىشتەك ئەھۋاللارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە يولۇقۇپ تۇرۇۋاتىمىز.

يەتتىنچىسى، ناھىيە شەھىرىنىڭ سايلىمى جەھەتتە، ناھىيە شەھىرى ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، باشقا يېزا - بازارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىر جەھەتتىن سايلىغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن يۇقىرى، ساپاسى بىر قەدەر ياخشى، دېموكراتىك ئېڭى نىسبەتەن كۈچلۈك، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتىمۇ نىسبەتەن زور؛ يەنە بىر جەھەتتىن، سايلام رايونلىرىنى ئايرىشتا دائىرىلەر بويىچە ئايرىغانلىرىمۇ بار، سىستېمىلار بويىچە ئايرىغانلىرىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارمۇ بار، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلارمۇ بار بولۇپ، ئەھۋال بىر قەدەر مۇرەككەپ. ئورۇن كۆپ، بىرلەشمە سايلام رايونلىرى كۆپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، مەيلى خىزمەتنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن ياكى خىزمەتنىڭ ئىنچىكىلىكى جەھەتتىن بول-

سۇن، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى، قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ بىر قەدەر زور بولىدۇ.

سايلام نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھازىرقى باسقۇچتا بىۋاستە سايلام داۋامىدا كۆرۈلۈۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

1. پارتىيىنىڭ سايلام خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

پارتىيىنىڭ بىۋاستە سايلام خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، بىرسى، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بىر نەپەر مەسئۇل يولداشنى سايلام خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بەلگىلەپ، بىۋاستە سايلام خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى يېقىندىن ماسلىشىپ، سايلىغۇچىلارنى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىككىنچىسى، پارتىيىنىڭ بىۋاستە سايلامنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىغا بولغان كونكرېت رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاساسىي قانۇن ۋە سايلام قانۇنى ئارقىلىق، سايلام خىزمىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ، سايلام خىزمىتىدە كۆرۈلگەن ئېغىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىش، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، كەڭ سايلىغۇچىلارنى دېموكراتىك ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزىدىغان، سايلام پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان قىلىش لازىم. ئۈچىنچىسى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرىدىغان نامزاتلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرەر شەكىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ئىختىساسلىقلارنى تاللاش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ئاساسىي ئېقىمىغا، تەرەققىياتقا، ماھىيەتكە قاراش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. بىۋاستە سايلام بىلەن كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىسى، «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسلىق باشقۇرۇش، ھەر قايسى جەھەتلەر ماسلىشىش» تىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەم شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشقا ياخشى رىياسەتچىلىك قىلىشى ھەم يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشقا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى، بىۋاستە سايلام خىزمىتى داۋامىدا «باش رول» نى ياخشى ئوينىشى لازىم. ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتكوم ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، زىچ ماسلىشىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، سايلام خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

بىۋاستە سايلام ئومۇمىيلىق خاراكتېرىدىكى، ئاممىۋى خاراكتېردىكى سىياسىي پائالىيەت، شۇڭا، ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر سەپەرۋەر قىلىش، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق تەربىيىسى ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، بۇ ئارقىلىق سايلىغۇچىلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مۇجمەل تونۇشلارنى تۈگىتىش لازىم. بۇنىڭدا بىرسى، سايلامنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدىكى ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، سايلىغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىدىيىۋى ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، باسقۇچقا، قاتلامغا بۆلۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش؛ ئىككىنچىسى، كۆپ خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى جانلىق ھەم تەسىرلىك ئېلىپ بېرىش؛ ئۈچىنچىسى، ئوبيېكتلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئايرىم - ئاي-

رىم ھالدا ھەر خىل كىشىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

2. قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن قانات يايدۇرۇش لازىم.

سايلامنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە، ھەر بىر ھالقىسىدا خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش، ئىش قىلىشتا قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. كونكرېت خىزمەت داۋامىدا، نۇقتىلىق ھالدا ئالتە ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. بىرىنچىسى، «ئۇچ قىلماسلىق» ئۆتكىلى، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاشتا تەييارلىق ئۇچۇن تىزىملاش، دەسلەپكى تىزىملاش ۋە قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، خاتا، تەكرار، چالا تىزىملىنىپ قالغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىپ، توغرىلاپ ۋە تولۇقلاپ، تولۇقلىما باڭ چىقىرىپ ئېلان قىلىش، بۇ ئارقىلىق خاتا تىزىملىماسلىق، تەكرار تىزىملىماسلىق، چالا تىزىملىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىسى، سايلام ھوقۇقى ئۆتكىلى. ھۆكۈم چىقىرىلغان، قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا، ناھىيە دەرىجىلىك سايلام خىزمەت ئاپپاراتى ئۇلارنىڭ سايلىغۇچىلىق سالاھىيىتىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈشى كېرەك؛ روھىي كېسەللەر ۋە دۆت، گومۇش، گاس، گاچىلاردىن سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغانلىكى كىشىلەرنى قاتتىق باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكۈزۈش، دوختۇرخانا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە قوشنىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئىسپاتلىغاندىن كېيىن بېكىتىش ھەمدە سايلام ئىشخانىسى ياكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ئۈچىنچىسى، قانۇنىي سۈرۈك ئۆتكىلى. قانۇننىڭ سايلىغۇچىلار ئىسمىلىكىنى باڭ چىقىرىپ ئېلان قىلىش، دەسلەپكى نامزات ئىسمىلىكىنى كۆرسىتىش ۋە رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچ قانۇنىي سۈرۈك» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىش لازىم.

تۆتىنچىسى، ئىسمىلىكنى كۆرسىتىش ۋە كېڭىشىش ئۆتكىلى. ئىسمىلىكنى كۆرسىتىدىغان چاغدا ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، قەتئىي تۈردە سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىش، تۆۋەندىن يۇقىرىغا نامزات كۆرسىتىش، رامكا سىزماسلىق، مۇقام بەلگىلىمەسلىك، ئىشىنىڭ ئاسىنىنى، يولىنىڭ يېقىنىنى قوغلاشماسلىق كېرەك. بەشىنچىسى، بېلەت تاشلاش ئۆتكىلى. سايلامدا چوقۇم ئىمزاسىز بېلەت تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ھەر بىر سايلىغۇچى قىلغان ھاۋالىنامە ئۈچ كىشىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. ئالتىنچىسى، سايلانغانلارنى تەكشۈرۈش ئۆتكىلى. ھەر قايسى سايلام رايونىدا سايلانغان ۋەكىللەرنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش كېرەك. ئالدى بىلەن «سايلام بېلىتىنى ھېسابلاش مەلۇمات جەدۋىلى» نى تەكشۈرۈپ كۆرۈش، ھەر قايسى سايلام رايونلىرى يوللىغان سان - ساناقلارنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى، بېلەت تاشلىغانلار سانى بىلەن تاشلانغان بېلەت سانىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش؛ ئاندىن كېيىن، سايلانغان ۋەكىل ئېرىشكەن ئاۋاز سانى بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلار سانىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراقىغا يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك.

3. نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك.

كۆپ يىللىق سايلام خىزمەت ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تىپ ئارقىلىق يول باشلاپ، نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرغاندا، سايلام خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرگىلى، ئوقنى نىشانلىق ئېتىپ سايلام خىزمىتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، نۇقتىدا ئالدىن سىناق قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ئوخشاشلىق ئېلىپ بېرىلىشىنى

ئۇنۇملۇك ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم. بىرسى رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش، نۇقتىنى ئەستايىدىل تاللاش، كۈچلۈك خىزمەت بەنزىسىنى تەشكىل قىلىش، يۇقىرىدىنمۇ بىر كۈچلۈك خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، نۇقتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ھەمكارلىشىش لازىم. ئىككىنچىسى، مەۋقەنى ئاۋۋال سىناق قىلىش ئۈستىگە قويۇش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارغا تايىنىش كېرەك. خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەممىگە چات كېرىۋالسا بولمايدۇ. ئاۋۋال سىناق قىلىنىغان نۇقتا بار يېزا ياكى كەنتنىڭ سايلام خىزمەت ئاپپاراتىغا تايىنىپ، خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتە مەۋقەنى نۇقتىدا قويۇپ، ئومۇمىي دائىرىگە نەزەر سېلىپ، خىزمەت پىلانىنى پۇختا تۈزۈپ چىقىش، مەسىلە سېزىلگەن ھامان دەرھال تولۇقلاپ تۈزىتىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، نۇقتىدىكى تەجرىبىلەرنى تېزدىن ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىپ كېڭەيتىش كېرەك. نۇقتىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى گەۋدىلىك مۇھىم نۇقتىلارنى، يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل، چارىلىرىنى يىغىندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، سايلام خىزمەت خەۋىرى قىلىپ بېسىپ تارقىتىش، دائىرىلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تېزدىن ئومۇمىي دائىرىگە يەتكۈزۈپ، ئومۇمىي دائىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى نەشىر قىلغان «خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمەت خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىل
17 - سانىدىن ئابلەت ھاجى تەرجىمىسى

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

قانۇن — ئادالەتلىك شەيئىلەر بىلەن ئادالەتسىز شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرا دېمەكتۇر. — شىسەيرو

قانۇن بىر خىل ئادالەت، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە مۇشۇ ئادالەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، بولمىسا، دۆلەت پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. — بولىس

كىم جىنايى ھەرىكەتلەرگە غەزەپ - نەپرەت ياغدۇرمىسا، ئۇ گۈزەل ئەخلاقنى قىزغىن سۆيمىگەن بولىدۇ. — روبېسپېر

قانۇنغا رىئايە قىلىش — ئادىللىق بولىدۇ، ئادىل كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى ئادىللىقنى قوغدايدۇ، ئادىلسىزلىقنى ئەيىبلەيدۇ. — گىلاۋشىيوس

ھەر قانداق قانۇندا ھەقىقەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھوقۇق بولمايدۇ. — شۇلەي

ئادالەتسىز قانۇن — قانۇن ئەمەس. — مالدەن

ئەگەر قانۇن ھەققانىي بولمىسا، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. — ئاۋگۇستىن

ئادالەتسىز قانۇن مەيلى ئۇ قانداق نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خۇددى نادان پىرىخونلارنىڭ ئوت - چۆپتىن ياسىغان دورىسى شىپالىق دورىغا ئايلىنالمىغانغا ئوخشاش قانۇن بولالمايدۇ، گەرچە خەلق ئۇنىڭغا بويسۇنسىمۇ. — مابول

رەھىم يۈسۈپ تەييارلىغان

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرايلى

كېرەم ئەزىز

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىۋاتقان مەزگىلدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىدىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر قايسى سەپلەردە ئىجابىي رول ئويناپ كەلمەكتە. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىمۇ «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش لازىم» دەپ چوڭقۇر شەرھلىگەن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەندىلا كونا قاراشلارنىڭ ئاسارىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈپ، بۆسۈشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق جەمئىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئاساسى ئاجىز بولغان، كۆپ قىسىم پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئېڭى تۆۋەن بولغان رېئاللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي فاڭجېنى قىلىشتا ئىزچىل تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسى تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكسىلىۋاتقان، ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغان نۇرغۇن خىزمەت ۋە پائالىيەتلەرنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىمۇ ئەمەل قىلىدىغان ئۆزىگە خاس قانۇنىي بەلگىلىمىلەر تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئەھۋالدا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، پىكىر، تەۋسىيە، تەنقىدلەرگە دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا

پايدىلىق بولۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمى بويىچە مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

مەملىكىتىمىزدە ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىش — دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى مۇھىم بىر ئىسلاھات شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە قوللانغان مۇھىم تەدبىر. بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى تەشۋىقاتتا مۇھىمى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» لارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، تەشۋىقات خەۋەرلىرىنىڭ قاراتمىلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە فۇنكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىشكە دائىر ئىش - پائالىيەتلىرىنى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر)، رايون، ساھە، سىستېمىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، باھالاش، بۇ ئورۇنلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاس، تەكلىپ - تەۋسىيە، پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ ۋە ئىگىلەپ، قانۇن نازارەتچىلىكى بىلەن جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - پىكىر، تەۋسىيە، تەنقىدلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى سان - سىپىرلارغىچە تولۇق ئىگىلەپ، قايسى ئۇسۇل - چارە بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى، ئامما ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، تەشۋىقات خەۋىرىنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا سەل قارايدىغان، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، قانۇن - تۈزۈمنى ئىجرا قىلمايدىغان ئەھۋاللارنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە ھەر ساھە ئاخبارات - تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئامما ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ھەممە كىشىنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان، قانۇنغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆزىگە قاراشلىق كومىتېتلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇلتايدا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ، پىكىر، تەۋسىيە، تەنقىدلەرنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىدىن، ئاساسىي قاتلام ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تولۇق خەۋەردار قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ قانۇن ۋە سىياسىي تۈسىنى كەڭ جامائەتچىلىككە بىلدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ يېڭى نامايەندىسى. 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.

# خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى

○ روزى ئىسمايىل ○

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «نىزام» دەپ ئېلىندى) ئۆتكەن يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا قاراپ پۇختا بىر قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. «نىزام» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەدلىيە ئادىللىقىنى قوغداشتا شۇنىڭدەك ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگىنى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشمۇ ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تەشكىلىي قىسىملىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆتۈشى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىغا پايدىلىق، بۇ پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توپ ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ ئاساسىي تەلىپى. ئىككىنچىدىن، ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىگە ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتى ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى ئىچىدىكى ھەممىدىن مۇھىم بىر خىزمەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆتۈشى تۈرمە ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشىگە ھەمدە تۈرمە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىگە تۆھپە قوشۇشىغا پايدىلىق. «نىزام» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى بولۇپمۇ

تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتىگە نىسبەتەن سۆزسىز چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.


«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرمە قانۇنى» نىڭ 2 - ۋە 3 - ماددىسىدا: «تۈرمە دۆلەتنىڭ جىنايى جازانى ئىجرا قىلىش ئورگىنىدۇر، ئۇ جىنايەتچىلەرگە جازالاش بىلەن ئۆزگەرتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، جىنايەتچىلەرنى قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقراغا ئۆزگەرتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر تۈرمىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماركسىزم: «دۆلەت سىنىپى زىددىيەتنىڭ مۇرەسسەسىزلىكىنىڭ مەھسۇلى، تۈرمە دۆلەت ماشىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداشتىكى مۇھىم زورلۇق قورالىنىڭ بىرى» دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان دۆلەت، سوتسىيالىزمنىڭ تۈرمىلىرى كۆپ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەم جىنايى جازانى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان، ھەم ئالاھىدە مەكتەپ، ئالاھىدە كارخانا، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى يەنىلا خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ قورالى، جىنايەتچىلەرنى جازالايدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان سورۇندىن ئىبارەت. جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرا ۋە يارامىلىق ماتېرىيال قىلىپ چىقىش تۈرمە خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. ھەممىگە مەلۇمكى، بارلىق جىنايى يامان ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جىنايى قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدە ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەسى بولىدۇ. جىنايەتچىلەرنى ياخشى ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش ھەرگىزمۇ بىردەملىك ئىش ئەمەس، جىنايەتچىلەرنى باشقىدىن ئادەم قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بىر خىزمەت. جازالاش — ئالدىنقى شەرت، ئۆزگەرتىش — مەقسەت. پەقەت ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بىلەن تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاساسىي ۋاستىنى توغرا قوللىنىپ، جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىلا، دۆلەت تۈرمە ئورگانلىرىغا تاپشۇرغان جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. «نىزام» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تۈرمە خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى، بۇنىڭ تۈرمە ئورگانلىرىنىڭ تۈرمىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىشىگە، تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىگە شۇنىڭدەك نازارەت ئاستىدا باشقۇرۇپ ئۆزگەرتىش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا چوڭ پايدىسى بار.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرمە خىزمىتىدە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا چوڭ تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ «تۈرمە قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇش تەرەققىيات ئىزىغا چۈشۈرۈلۈپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدلىيە باشقارما (ئىدارە) لىرىنىڭ تۈرمە خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك قىلىش رولى كۈچەيتىلدى، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق سىستېما بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش، پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرمىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى

قوغداشتىن ئىبارەت خىزمەت ۋەزىپىسىنى شەكىللەن‌
دى؛ «مەركەزلىك زەربە بېرىش، مەخسۇس تۈر
بويىچە تۈزەش، بىخەتەرلىك ـ مۇقىملىقتا ھەقىقىي
كاپالەتلىك قىلىش» تەك ئۈچ چوڭ جەڭ چوڭقۇر
قانات يايدۇرۇلۇپ، تۈرمە ئىچىدىكى دۆلەت خەۋپ‌
سىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە شۇ‌
نىڭدەك باشقا جاھىل ـ خەتەرلىك جىنايەتچىلەرگە
ۋە ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەن جىنايەتچى‌
لەرگە دەل، توغرا، قاتتىق زەربە بېرىلىپ، چوڭ
قەبىھ دېلو يۈز بېرىشتىكى يوشۇرۇن ئاپەت ۋاقتىدا
تۈگىتىلىپ، تۈرمىنىڭ ئىچكى مۇقىملىقى ئۈنۈم‌
لۈك قوغدالدى؛ تۈرمە باشقۇرۇش خىزمەت تۈزۈم‌
لىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۈشتۈم‌
تۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش،
دېلولارنى ئالدىن سېزىپ پاش قىلىش قاتارلىق
تۈرلۈك تەدبىرلەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈ‌
رۈلدى، ئاجىز ھالقىلار كۈچەيتىلدى، خىزمەتتى‌
كى يوچۇقلار ئېتىلدى، بۇ ئارقىلىق قېچىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش، چوڭ دېلولار يۈز بېرىشنىڭ ئال‌
دىنى ئېلىش، بىنەجەل ئۆلۈم ۋەقەلىرىنىڭ ئالدى‌
نى ئېلىشتىن ئىبارەت «ئۈچنىڭ ئالدىنى ئېلىش»
خىزمىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى؛ تۈرمە
ئىقتىسادى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئار‌
قىسىدا بىر قەدەر زور يۈكسەلدى. يىغىپ ئېيتقان‌
دا، ھەر مىللەت تۈرمە كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ
ناھايىتى جاپا ـ مۇشەققەتلىك خىزمىتى ئارقىسىدا،
تۈركۈم ـ تۈركۈم جىنايەتچىلەر يېڭى ئادەم قىلىپ
ئۆزگەرتىلىپ، پاسسىپ ئامىل ئاكتىپ ئامىلغا
ئايلاندۇرۇلۇپ، سىياسىي جەھەتتە زور تەسىر پەيدا
قىلىندى، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور مىقداردا ماد‌
دىي بايلىق يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايو‌
نىمىزنىڭ ئۆزاققىچە مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم
تۆھپە قوشۇلدى.

تۈرمە ئورگىنىنىڭ ئەزەلدىن «كىچىك جەم‌
ئىيەت» دېگەن ئاتىقى بار، ئۇنىڭ خىزمەتلىرى
ناھايىتى چىگىش، شۇڭا ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ
زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ۋە كەسپىي جەھەتتىن
يېتەكچىلىك قىلىشىغا مۇھتاج، ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز
خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تۈرۈشىغا تېخىمۇ
مۇھتاج. «نىزام» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قو‌
يۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرمە باشقۇرۇش
خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش،
تۈرمىلەرنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى
قىلدۇرۇشتا ئىجابىي ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەت‌
كۈسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك
ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى، ھەر قايسى تۈرمە‌
لەر ۋە ئۇلاردىكى بارلىق تۈرمە كادىر ـ ساقچىلە‌
رى «نىزام» نى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىل ئىجـ‌
را قىلىپ، «نىزام» غا قاتتىق ئەمەل قىلىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ‌
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارىتىنى
ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدا‌
رە قىلىش تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى ئارقىلىق ھەممە
خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئاپ‌
تونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمەتلە‌
رىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە
نازارىتىنىڭ نازىرى)



# ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان ئەڭ قەدىمكى قانۇنى

○ نىي خوڭيىن ○



جۇڭگو تارىخىدا ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى بۇندىن 1000 يىللار بۇرۇن باشلانغان. تۇبۇتچە تارىخنى مىلاردىن بولغان «دانىشمەن داستىخانغا ھېرىس» تا خاتىرىلىنىشىچە، تۇبۇتلەر مىلادى 7 - ئەسىردىلا «ئالتە خىل قانۇن» تۈزگەن. شۇندىن كېيىن بارلىققا كەلگەنلىرىدىن «لياۋ خانلىقى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان كىدانلارنىڭ «مەھكۇملار قانۇنى»، «جىن خانلىقى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان جۇرجىتلارنىڭ «شاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمى» قاتارلىقلار بار. ئەمما بۇ قىممەتلىك قانۇن مىراسلىرىدىن بىرەرسىمۇ بۈگۈنگە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھاكىمىيىتى چىقارغان قانۇنلارغا نىسبەتەن تونۇشى ئانچە چوڭقۇر بولماي كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا روسىيىلىك مەشھۇر تاڭغۇتشۇناس كىچانوۋ 12 - ئەسىردىكى تاڭغۇتلارنىڭ بىر قانۇنىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى ۋە روسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدىكى بىر بوشلۇق مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاندى.

پروفېسسور كىچانوۋ ئېلان قىلغان تاڭغۇتلار خانلىقىنىڭ بۇ قانۇنى ئەسلىدە جۇڭگودىن تېپىلغان، ئۇنى 1909 - يىلى چارروسىيىلىك كوزلوف ئۇيۇشتۇرغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دۆلىتىمىز تەۋەسىدىكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېچىنا خوشۇنى قارا سۇ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن قېزىۋالغان، ھازىر روسىيە دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ پېتىربورگ شۆبىسىدە ساقلانماقتا. بۇ قانۇن تاڭغۇت يېزىقىدا بولۇپ، مۇقاۋىسىغا تاڭغۇت يېزىقىدا سەككىز خەتلىك ماۋزۇ پۈتۈلگەن. ئۇنى «تيەنشېڭنىڭ كونىنى بۇزۇپ يېڭىنى تىكلەش قانۇن - ياساقلىرى (天盛改旧新定律令» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. (تۆۋەندە بۇ قىسقىچە «تيەنشېڭ قانۇنى» دېيىلىدۇ).

«تيەنشېڭ» تاڭغۇت خانلىقى رېنزۇڭ خانى رېنشياۋنىڭ سەلتەنەت نامى بولۇپ، ئۇ ياشىغان

دەۋر 1149 ـ 1170ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. «كونىنى بۇزۇپ يېڭىسىنى تىكلەش» كونا قائىدىلەرنى ئۆزگەرتىپ يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ قانۇننىڭ نامى قىلىپ قوللىنىلغان، بۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنە بۇ قانۇنغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قانۇنلارنىڭمۇ بولغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

«تيەنشېڭ قانۇنى» ھازىر ئادەتتە «تاڭغۇتلار خانلىقى تيەنشېڭ قانۇنى» دەپمۇ ئاتالماقتا، ئۇ جەمئىي 20 قىسىم بولۇپ، يەنە كىرىش سۆز ئورنىدا «كىشى ئىسىملىرى قىسقارتىلدى» دېگەن ئىككى قىسمى بار. بۇلار پۈتۈن كىتابنىڭ مۇندەرىجە ئاچقۇچى رولىنى ئوينايدۇ. 1 ـ قىسىمنىڭ ئالدىدا «كىرىش جەدۋىلى» بار، ئۇنىڭغا بېي ۋاڭ قوشۇمچە پەرمانچى بەگ دېباۋ قاتارلىق 23 كىشىنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن. بۇ «تيەنشېڭ قانۇنى» نى مۇشۇ 23 كىشى ھەمكارلىشىپ يازغانلىقىنى ھەمدە تاڭغۇتلار خانلىقىنىڭ رېنزۇڭ خانى ئۆزى تەستىقلاپ پۈتۈن ئەلگە تارقاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «كىرىش جەدۋىلى» نىڭ تولۇق تېكىستىنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

«جاھان ھەقىقىتىنى نامايان قىلىپ، ئەلەم ھەم قەلەم ماھارىتى بابىدا پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، مەردۇ ـ مەردانىلىق شەۋكىتى بىلەن پاسىقلىقا زەربە بەرگۈچى شانۇ شەۋكەتلىك شاھ رېنزۇڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۆھپىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەدىمكىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈپ، ئىلگىرى ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ تەپەككۇرى ۋە پەم ـ پاراستىنى ئىگىلەش، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق، يېزىقچىلىق ۋە تەربىيەت يوللىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە، پېقىر ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن پىلان ـ مەسلىھەت قۇرۇپ، كونا ئەمىر ـ پەرمانلارنى قايتا كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئېنىقسىزلىقلار، تۇتۇق مەنالار بارلىقىنى، ئىجرا قىلىشقا بىئەپ ئەكەنلىكىنى سەزدى. ئاۋام پۇقرانىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا جەمئىي 20 قىسىملىق توپلام پۈتتۈلدى. پادىشاھلىق ئەمىر ـ پەرمان ئەندىزىلىرى بويىچە ئۇنىڭغا «تيەنشېڭنىڭ كونىنى بۇزۇپ يېڭىسىنى تىكلەش قانۇنى» دەپ نام بېرىلدى. ھازىر ئۇنى ئويۇپ بېسىپ تاماملىدۇق، پادىشاھ ئالىيلىرى قانۇندا بەلگىلەنگىنى بويىچە ئۇنى جاھانغا تارقىتىپ، يېڭى قانۇننى يولغا قويسىكەن».

ھازىر ساقلىنىۋاتقان «تيەنشېڭ قانۇنى» ئاساسەن كېيىنكى زامان ئويما نۇسخىسى بولۇپ، بۇندىن باشقا يەنە يازمىچە نەچچە 10 ۋاراقىمۇ بار. قېزىۋېلىنغان چاغدا كۆپىنچىسى چېچىلىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، كېيىن رەتلەپ قۇراشتۇرۇپ دېگەندەك ئۇنىڭدىن 19 قىسمى ھەم «نامسىز» لەرىدىن ئىككى قىسمى بولۇپ جەمئىي 1500 نەچچە بېتى مۇكەممەل توپلانغان بولۇپ، خەتلىرى ئاساسەن ئېنىق. «تيەنشېڭ قانۇنى» نىڭ تېكىستىدىكى ھەر بىر بەتتە ئوخشاشمىغان ساندا «بۆلۈم» لەر بار، «بۆلۈم» لەر ئىچىدە يەنە بىر قانچە قانۇن ماددىسى بار. ماددا ـ تارماقلار ئادەتتە تۆت باسقۇچقا ئايرىلىپ، بىرىنچى باسقۇچ «ماددا»، ئىككىنچى باسقۇچ «دەرىجە» دەپ ئاتالغان، ئۈچىنچى باسقۇچ يېزىقچە ئىپادىلەنمىگەن. بىرىنچى باسقۇچتىكى ماددىلار ئۈستۈنكى قۇرغا ئويۇپ بېسىلغان، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ باسقۇچلار رەت تەرتىپى بويىچە قۇر ئىچىگە تارتىپ كىرگۈزۈلۈپ، ئاق قالغان ماددا ـ تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى بوش جايلىرىغا شەكلى ئوخشاش بولمىغان گۈل نۇسخىلار سىزىلىپ، ئۇنى ئىشلەتكەنلەرنىڭ بوش جايلارغا خالىغانچە خەت قوشۇۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان. پۈتۈن كىتابنىڭ تىتوللىرى رەتلىك، ئۇرۇشكە ئەپلىك بولۇپ، تەپسىلىك دەرىجىسى جەھەتتە جۇڭگو قانۇن كىتابلىرى تارىخىدا مەشھۇر بولغان «تاڭ خانلىقى قانۇنلىرى يېشىمى» ۋە «سۇڭ خانلىقى ئومۇمىي جازا پۈتۈكلىرى» نى بېسىپ چۈشىدۇ.

تاڭغۇتلار بىر نەچچە قېتىم كۆچۈپ، ئاخىرىدا نىڭشيانى مەركەز قىلغان كەڭ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاڭ خانلىقىنىڭ ئاخىرى، سۇڭ خانلىقىنىڭ باشلىرىدا بۆلۈنمە مىللىي ھاكىمىيەت قۇرغان. رەسمىي دۆلەت قۇرۇش-

تىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 300 يىل ۋاقىتتا، تاڭغۇتلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بارغانسېرى كۆپ ئۇچرىغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قانۇن ھۆججەتلىرىمۇ تاڭغۇتلارغا سىڭگەن. «سۇڭنامە. تاڭغۇت بەگلىكى تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنىشىچە، تاڭغۇت بەگلىكىنىڭ پېشۋاسى جىڭزۇڭ خانى يۈەنئۇۋ ئۆزىنىڭ كىتاب ئۈستەللىرى ئۈستىگە ھەمىشە «قانۇن» نى قويۇپ قويغان. بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىن كەلگەن قانۇن ئۇقۇمى تاڭغۇتلار ھۆكۈمرانلىقىغا چوڭقۇر مەركەزلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تاڭغۇت مەدەنىيىتىگە ئائىت «گۇاجۇ ئايمىقىدىكى دېلو سوراق قىلىش خاتىرىسى» ۋە «تيەنشېڭ قانۇنى» دىن قارىغاندا، كىشىلەر تاڭغۇتلار قانۇنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەلۇم قانۇن ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە «تيەنشېڭ قانۇنى» يېزىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنلىرىدىن كۆپ پەرقلەنسىمۇ، مەزمۇنىغا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلىنسىلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تەسىرلىرىنى ھەممىلا جايدا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، پۈتۈن كىتابتىكى «ئون يامانلىق»، «سەككىز ئەقىدە» بىلەن باشلانغان قاپىيىلەر پۈتۈنلەي تاڭ خانلىقى قانۇنلىرىغا ئوخشاش. «سەككىز ئەقىدە» نىڭ «ھەمراھى» تېخىمۇ «تاڭ خانلىقى قانۇنلىرى» دىن خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىنغان. تاڭغۇتلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق ئۇقۇمى خەنزۇلارغا ئەمەس، قەدىمكى تۈبۈت - بىرما تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما «تيەنشېڭ قانۇنى» دىكى «تۇغقاندارچىلىق» بابىدا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ يىراق - يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر سېپى ئۆزىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋادىسىدا بارلىققا كەلگەن «مۇراسىم - مازىلىق كىيىم» گە ئوخشايدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە تاڭغۇتلارنىڭ مىللىي تىببىي ئىلمى بولمىغان. ئەمما «تيەنشېڭ قانۇنى» دىكى «زېرائەتنى خەزىنىدىن چىقىرىش» دېگەن بابىدا دېيىلگەن ئوت - چۆپ دورىلار ئىسمىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى پۈتۈنلەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دورىگەرلىك قامۇسلىرىدىن تەقلىد قىلىنغان.

ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، «تيەنشېڭ قانۇنى» دا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنلىرىنىڭ ئاساسىي روھىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆز مىللىتى ۋە جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دائىر مەزمۇنلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، خۇاڭخې دەرياسى تاڭغۇتلار تەۋەسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەئى بولۇپ، «تيەنشېڭ قانۇنى» دا دەريا سۈيىنى باشلاپ سۇغىرىش مەركەز قىلىنغان بىر قاتار قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش بەلگىلەنگەن. جۈملىدىن «يەر تۆپىدىكى دەريا» ئاساسەن لايىھىلىنىدىغان ئۆستەڭلەرنىڭ شەكلى ھەم ئېچىق ئېغىزى قۇرۇلمىسى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ سۇغىرىش رايونىدا داۋاملىق قوللىنىلماقتا. ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تاڭغۇتلار ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «تيەنشېڭ قانۇنى» دىكى «كالا، تۆگە، ئات ئۆلتۈرۈش» بابىدا چوڭ چارۋىلارنى قوغداشتىكى بىر قاتار تەدبىرلەر تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، كالا، تۆگە، ئات قاتارلىق چوڭ چارۋىلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەنلەرگە قىلمىشىغا قاراپ 4 - 10 يىل قاماق ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تاڭغۇتلار خانلىقىدا تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن كەمچىل، ئاشلىق تېخىمۇ يېتىشمەيدىغان بولغاچقا، «تيەنشېڭ قانۇنى» نىڭ «ئېچىتقۇلارنى سېتىش» دېگەن بابىدا ھاراق دۆلەت تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىدىغان تاۋار، دۆلەت پۇقرالىرى ئاشلىقتىن خالىغانچە ھاراق ئېچىتىشقا بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تاڭغۇتلار خانلىقىدا ئادەم ئاز، يەر كۆپ بولغاچقا، «تيەنشېڭ قانۇنى» نىڭ «قېچىپ كىر-

گەنلەر» دېگەن بابىدا ئۆز دۆلىتىدىكىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشى ۋە كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىياسىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، قېچىپ كەتكۈچى تەبىقىنىڭ باشلىقى ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئەھۋال مەلۇم قىلمىغان ئەمەلدارلارغا دەررىگە بېسىش ھەتتا قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پاناھ تارتىپ بارغۇچى تەبىقىنىڭ باشلىقى ۋە قوبۇل قىلغان چېگرىدىكى ئەمەلدارغا ئىنئام بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

«تيەنشېڭ قانۇنى» دىكى قانۇن ماددىلىرى تاڭغۇتلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەشكىلىدىن تارتىپ دىنىي مەرۇپ، نىكاھ تۈزۈمى، ئارمىيە، قورال - جابدۇق، نوپۇس، باج - خىراج باشقۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپىگىچە بولغان نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى جەھەتتە ئۆز زامانىسىدىكى جۇڭگو قانۇنلىرىنىڭ ئالدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما تۈپ روھى جەھەتتىن ئالغاندا، يەنىلا باشقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنلىرىدىكىگە ئوخشاشلا فېئودال «ئەدەپ - قائىدە» نىڭ نوپۇزىنى قوغدىغان. «تيەنشېڭ قانۇنى» دا جازا ئۆلچەش تىلغا ئېلىنسا، جىنايەت قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى نەزەرگە ئېلىنغاندىن سىرت، چوقۇم جىنايەتچىنىڭ سالاھىيىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى نەزەردە تۇتۇلغان. ئەمەلىيەتتە «ئەڭ يامان جىنايەت» سادىر قىلمىسىلا، قانۇندا خان جەمەتىدىكىلەرگە بېرىلىدىغان جازا ئادەتتە ۋەزىرلەرنىڭكىدىن يېنىك، ئالىي ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان جازا ئاددىي ئەمەلدارلارنىڭكىدىن يېنىك، قەبىلە باشلىقىغا بېرىلىدىغان جازا قەبىلە ئەزالىرىنىڭكىدىن يېنىك، يېشى چوڭلارغا بېرىلىدىغان جازا يېشى كىچىكلەرنىڭكىدىن يېنىك بولغان. ھەتتا قانۇن پرىنسىپى چوڭ - كىچىك، ئىززەت - ھۆرمەت تۈزۈمىگە مۇخالىپ كەلگەن چاغدا، قانۇن ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر مەيدانىدا تۇرغان. مەسىلەن، قانۇندا ئەسلى باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغانلارغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە جازا بېرىش، ئوغرىلىق قىلمىشىنى پاش قىلغانلارغا ئوخشاش بولمىغان مىقداردا ئىنئام، تارتۇق بېرىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، «پاش قىلىش، پاش قىلماسلىق» دېگەن بابىدا ئېنىق قىلىپ پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىنى پاش قىلسا، پەرزەنتلەرگە قاتتىق جازا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

تاڭغۇتلار قانۇنىدىكى تاڭغۇتلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، «تيەنشېڭ قانۇنى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەنئەنىۋى ئۆلۇمالار نوپۇزى بىلەن دادىلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىككى يېڭى نوپۇزنى قوشقان، يەنى مىللىيلارنىڭ نوپۇزى ۋە دىنىنىڭ نوپۇزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. «تيەنشېڭ قانۇنى» دا تاڭغۇتلار ئەمەلدارلىرى خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىر قەسىردە ئىشلارنى مۇزاكىرىلەشكەندە بىردەك «تاڭغۇتلار چوڭ ھېسابلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. تەۋەلىك ئىچىدىكى ئاھالىمۇ تاڭغۇتلار، تۇبۇتلەر، خەنزۇلار دېگەن ئۈچ دەرىجە تەرتىپ بويىچە تىزىلغان. شەيخلىك بىلەن دەرۋىشلىك تاڭغۇتلار خانلىقىدىكى ھەممىدىن ئەتىۋارلىق كەسىپ بولۇپ، «تيەنشېڭ قانۇنى» دا ئۇلارنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىدا جازانى يېنىكلىتىشكە دائىر بىر قاتار ئىمتىيازلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقىغا تەستىقلاتماي، ئۆز ئالدىغا تەركىي دۇنيا بولغان يالغان شەيخ ۋە ساختا راھىپلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

«تيەنشېڭ قانۇنى» جازا ئۆلچەشنى بەلگىلەش-

نىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى جەھەتتە ئەلمىساقتىن بۇيان ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 4 ـ توپلام «چېگرا قوۋۇقلىرىنى تەكشۈرۈش» تە دۈشمەن ئالۋاستىلىرى چېگرىدىن كىرىپ مال ـ مۈلۈكنى بۇلاپ كەتسە، چېگرا ئەمەلدارى چېگرا مۇداپىئەسىگە سەل قارىدى دېگەن گۇناھ بىلەن، دۈشمەن بۇلاپ كەتكەن پۇل سانى (سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان) نىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ سوراققا تارتىلىدۇ. مەسىلەن، «1 ـ 15 تىزىق يارماق بولسا ئۈچ ئاي، 590 ـ 150 يارماق بولسا ئالتە ئاي، ... 2000 ـ 2500 يارماق بولسا بەش يىل ...، 3000 ـ 3500 يارماق بولسا سەككىز يىل ... قامىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنداق جازا ئۆلچەشتە ئەينى چاغلاردا يۈز بەرگەن بىرەر دېلو مىسالى ئاساس قىلىنغانمۇ قانداق؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھەتتا «تيەنشېڭ قانۇنى» دا قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەلگىلىمىنىڭ ئەمەلىيەتتە راست قوللىنىلغانلىقىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. تاڭغۇتلار خانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇنداق تەپسىلىي قانۇن ماددىلىرىنى يېزىپ چىقىشى پەقەت پۇقرالارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئويناشقۇچىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، خالاس.

دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە «تيەنشېڭ قانۇنى» نىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسى بارلىققا كەلدى، يەنى نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان «تاڭغۇتلار خانلىقى قانۇنلىرى» ۋە پەن نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان «تاڭغۇتلار خانلىقىنىڭ تيەنشېڭ قانۇن ـ ياساقلىرى». ئالدىنقىسى كىچانوۋ رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىنىڭ 2 ـ كىتابىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭغا ئەسلى كىتابتىن ئاران 1 ـ 7 توپلام كىرگۈزۈلگەن. كېيىنكى كىتاب تاڭغۇتلار خانلىقىدىكى ئەسلى نۇسخىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، توپلاملىرى تولۇق ھەم مەلۇم ساندا تەرجىمە ئىزاھى بېرىلگەن. ئەمما تاڭغۇتلار يېزىقىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇش مەسىلىسى ھازىرغىچە تولۇق ھەل بولمىغانلىقتىن، مەيلى رۇسچە تەرجىمىسى ياكى خەنزۇچىسىدا بولسۇن قانۇننىڭ ئەسلى تېكىستىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت. جۈملىدىن بەزى خاس ئاتالغۇلار توغرا بايقالماستىنلا تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا تەرجىمىدە ئېگىز ـ پەس قىلىپ قويۇلغان جايلارنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي. تەرجىمىدىكى بۇ خاتالىقلار پەن نەشرىياتى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان كىتابنىڭ ئىزاھاتىدا مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ ئەمما مۇشۇنىڭدەك بۈيۈك قانۇننى بىرەر يېرىم يىلدا تەل ـ تۆكۈس چۈشىنىپ ئوقۇپ بولۇشىمۇ تەس. ھازىر دۇنيادا تاڭغۇتلار خانلىقىغا ئائىت ئەسلى ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلالايدىغان ئالىمدىن ئاران ئون نەچچىسى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسىنىڭ يېشى 60 ـ 70 تىن ئاشقانلار. پاكىت پروفېسسور كىچانوۋ «تاڭغۇتلار خانلىقى قانۇنلىرى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئېيتقاندەك بولسا كېرەك: «بۇ خىل قانۇن قامۇسلىرىنى ھەر قانداق چاغدا بىر كۈچ بىلەن تەرجىمە قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا بىر ئەۋلاد، ئىككى ئەۋلاد، ئۈچ ئەۋلاد ئالىملار ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى 2 ـ 3 قېتىم ھەتتا ئون قېتىم تەرجىمە قىلىشقا، ھەر قېتىمدا ئەسلى تېكىستىنى كۆڭۈل قويۇپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تەرجىمىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ.»

(ئاپتور جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات
ئورنىدىن)

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى

# سايلامنىڭ دېموكراتىيە دەرىجىسى دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم

(«سايلام قانۇنى» نى ئۆگىنىش، ئىجرا قىلىشتىكى قىسقىچە تەسىراتىم)

○ نۇردۇن يۇنۇس ○

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ باشتىن ئاخىر ئېغىشماي كەلگەن كۆرەش نىشانى. دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى» دەپ كۆرسەتتى.

مەملىكىتىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك دېموكراتىك ھوقۇقلىرى ئىچىدە، سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك دېموكراتىك ھوقۇقتۇر. پۇقرالارنىڭ سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت، مەمۇرىيەت، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سايلام قانۇنى» ۋە سايلام قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا قانۇنلار تۈزۈپ چىقىلغان.

بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى، «سايلام قانۇنى» ، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» غا بىر قەدەر چوڭراق تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى سايلام بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە ئىجرا قىلىشتىكى روشەن ئىلگىرىلەشلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئىپادىلەندى.

1. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «سايلام قانۇنى» ۋە «تەشكىلىي قانۇن» ، «ۋەكىللەر قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) ، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇ-

رۇش سايلام خىزمىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلاتى»، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات تىزىسى» داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىنىپ، ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئاڭلىقلىقىدا تۇرۇپ، سايلامغا قاتنىشىش ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. سايلام خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا «سايلام قانۇنى» نىڭ روھى ماددىمۇماددا، جۈملىمۇجۈملە تەتبىقلىنىپ، بۇرۇنقى سايلاملاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلگەن؛ ئوڭاي بولۇشنى ياكى مەلۇم مۇددىئا - مەقسەتنى كۆزلەپ قانۇنىي تەرتىپلەرنى قىسقارتىۋېتىدىغان، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھە دېگەندىلا ئاشكارىلىۋېتىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدىغان، كۆرسىتىپ سايلىتىدىغان ئەھۋاللار بۇ قېتىمقى سايلام خىزمىتى جەريانىدا كۆرۈلمىدى ياكى كۆرۈنەرلىك ئازايتىلدى.

3. بۇرۇنقى سايلاملاردىكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىل نامزاتى ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش رەھبەرلىك بەنزىسى نامزاتلىرى ئۇياقتىن ئېلان قىلىنىپ، بۇياقتىن بېلەت تاشلاپ سايلىنىدىغان خاھىشلارغا ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ نامزاتلارنى «دەڭسەپ بېقىشى» ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سايلام چارىسى يېڭى «سايلام قانۇنى» بويىچە تۈزۈلۈپ، ۋەكىللەرنىڭ تولۇق ئۇلغۇلا قىلىشىغا قويۇلۇپ، سايلام چارىسى بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىلدى ۋەھاكازا.

ئەپسۇسكى، ئىدىيىۋى تونۇش ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئەستايىدىل دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر قىسىم ماھىيەتلىك مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا.

1. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى قارىمۇقارشى مەنىگە ئىگە قىلىپ قويۇش

شۇجى ۋاڭ لېچۈەن «ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويايلى» دېگەن ماقالىسىدە «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ تۈپ يولى ۋە كاپالىتى. پارتىيە دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆز تەشەببۇس، سىياسەتلىرىنى ئىمكانقەدەر قانۇن تەرتىپى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، قېلىپلاشقان قانۇن شەكلى ۋە تەرتىپى بويىچە يولغا قويۇش لازىم» دېگەنىدى. قانۇنلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلىدۇ. دېمەك قانۇن - نىزاملار پۈتۈن مەنىسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىرادىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى. شۇنداقكەن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ ماھىيىتى بىر. شۇڭا قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىق پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ. بىر قىسىم پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەزىم قىلالمىغانلىقى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ئىككى گەپنىڭ بىرىدە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىلا تەكىتلەپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئېغىزغا ئېلىپ قويمىدى. ياكى ئالدىنقىسىنىڭ ۋەزنى مىڭ جىڭ بولسا، كېيىنكىسىنىڭ ۋەزنى يوق دېيەرلىك بولدى. ئالدىنقى نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سانلىق يىغىنىدا قول كۆتۈرۈپ سايلانغان مۇشۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئىسىملىكى بىر نەچچە «ئەرباب» نىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىلدى. مېنىڭچە، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتگورۇپپىسى لايىھىنى پارتكوم دائىمىي ھەيئىتىگە يوللاپ، تەستىق ئالغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىدا قول كۆتۈرۈپ تەستىقلانغان ئىسىملىك قانۇنىي كۈچكە ئىگە. بۇنى بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشى قانۇنغا خىلاپ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلغان - قىلمىغانلىقى، قانۇنلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغان ياكى سۆزىنى، شەخسىي مۇددىئا - مەقسىتىنى قانۇننىڭ ئۈستىگە قويغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولسا، قانۇنلارنىڭ

ئىجراسىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا تېزرەك ئۆتكىلى بولىدۇ.

2. پارتكوملار بىلەن بىردەك بولۇش بىلەن دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى قارىمۇقارشى مەنىگە ئىگە قىلىپ قويۇش

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى دېگىنىمىز خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش يولىنى تۇتۇپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش دېگەن سۆز» دەپ كۆرسەتتى. ھەر قانداق قانۇن دېموكراتىيە ئاساسىدىكى قانۇن، ھەر قانداق دېموكراتىيىمۇ قانۇن ئاساسىدىكى دېموكراتىيە بولۇپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش خەلق ۋەكىللىرىنىڭ «سايلام قانۇنى» دا بېرىلگەن دېموكراتىك ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىك. ئەكسىچە، قايسى بىر ۋەكىل نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بىر قىسىم جايلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىدا، خەلق قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكىلەر، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ رەسمىي نامزاتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، پەرقلىق سان بويىچە قويۇلىدىغان نامزاتلارنى «ۋەكىللەر ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويسۇن» دېيىلدى. ئەمەلىيەتتە، ۋەكىللەر نامزاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغىچە، يىغىن ۋاقىتلىق پارتكومىنىڭ ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىدىكى ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن ھەممە ياق چېتىلىۋېتىلدى. گۇرۇپپىلاردا سەللا ئوخشىمىغان پىكىرلەر چىقسا، پارتكوم بىلەن بىردەك بولۇش تەلەپ قىلىندى. ھەتتا ۋەكىللەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن نامزاتلارغا ئىستېپانامە يازغۇزۇلدى. ئەمەلىيەت زورمۇزور كۆرسىتىلگەن بىر قىسىم نامزاتلار تاشلىۋېتىلىپ، كۈتمىگەن كىشىلەرنىڭ «ساندۇقتىن چىقىپ قېلىشى» ۋەكىللەر بىرلىشىپ قانۇن بويىچە كۆرسەتكەن يېڭى نامزاتلار بولمىسا، مۇنداق سايلامنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش تۇرسا، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە نامزاتلارغا قارىتا پىكىر بېرىشى، نامزات كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنمىسا، كىتابلاردىكىسى بىر خىل، قىلىنىۋاتقىنىمىز باشقا بولسا، قانداق قىلىپ خەلق ۋە خەلق ۋەكىللىرىنى پارتكوم بىلەن بىردەك قىلغىلى بولىدۇ؟

خەلقىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە چوڭقۇر ئىشەنچ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغانلىقىغا، خەلقنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىغا مەدەت بېرىدىغانلىقىغا ھەمدە خەلقنىڭ ئەڭ كەڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كونكرېت قانۇن ئىجراسىدا، ئايرىم رەھبەرلەر بولۇپمۇ ھوقۇقلۇق پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار سۆزىنى قانۇن ئۈستىگە قويۇپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دېموكراتىيە ھوقۇقىنى باسسا، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە، پارتىيىنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىغا «دەز» كېتىدۇ.

سايلامدىكى پارتىيە تەشكىلى ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتلار، تەشكىلات تارماقلىرى تەرىپىدىن قايتا - قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ياخشىلىرى ئىچىدىن ياخشىلىرى تاللاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان نامزاتلار. بۇنىڭدا ھەممە نامزاتلارنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى نامزاتلار بولۇشى ناتايىن. چۈنكى پارتىيە ئىچىدە «ھوقۇق، پۇل سودىسى» يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان، ئاز ساندىكى ئەمەلپەرەسلەر ھە دەپ «مەنسەپ» ئېلىشقا يول مېڭىۋاتقان ئەھۋالدا، نامزاتلار تەركىبىگە بىر قىسىم پۇرسەتپەرەسلەر ياكى «سان توغىندىغان» لار ئارىلىشىپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشىگە يول قويغاندىلا، ئاز ساندىكى پۇرسەتپەرەسلەر ئارىلىشىپ قالغاندىمۇ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدۇ ئەلۋەتتە.

# پوقاق

○ ئابدۇراخمان مامۇت دىيار ○

پوقاق ئىنئەك ئاستى سۆڭىكى بىلەن تۆش سۆڭەكنىڭ ئارىلىقى (گال) غا قىستىلىۋالغان بەز ئۆسمىسى بولۇپ، پوقاق چاپلاشقان ئادەملەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ. ئىسكەتى سەتلىشىپ، روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىببىي ئىلىم پوقاقنى يوقىتىشقا تەدبىر قوللىنىپ، كىشىلەرنى بۇ يۈكتىن ئازاد قىلدى.

ھازىرقى ئىسلاھات داۋامىدا خۇددى شۇ ئادەملەرگە يۈك بولۇۋالغان ئارتۇق بەز — پوقاققا ئوخشاش ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇلۇۋېلىپ «تەييارغا ھەييار» بولىدىغان «شىركەت» لەرمۇ پەيدا بولدى.

يېقىندا مەن باي ناھىيىسىگە خىزمەتكە بېرىپ، ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. شۇ جەرياندا مەن قاتناشقان سورۇنلاردا باي ناھىيىلىك «كۆمۈر سېتىش شىركىتى» نىڭ پوقاققا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ پوقاقنى ئېلىۋېتىپ، كۆمۈركانلىرى بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى يولنى راۋانلاشتۇرۇشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بۇ «شىركەت» كۆمۈركان كارخانىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىرى سېتىش، بازار ئارقىلىق باھانى تەڭشەش قاتارلىق خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغاچقا، كۆمۈركان كارخانىلىرى خۇددى ئىشلەشنى بىلىپ، سۆزلەشنى بىلمەيدىغان ماشىنا ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغان.

«شىركەت» تاسقالغان كۆمۈرنىڭ بىر تونىسىدىن 30 يۈەندىن تۇتۇپ قېلىپ، قالغان قىسمىنى كارخانىغا قايتۇرۇپ بېرىدىكەن. ئاي ئاخىرىدا ھېسابات قىلىشقىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدىكەن. ئادەتتىكى بىر كىچىك كۆمۈركان بىر يىلدا 20 مىڭ تونىنا كۆمۈر ئىشلەپچىقارسا «شىركەت» كە 600 مىڭ يۈەن تۆلەيدۇ، دېگەن سۆز. ئەگەر شۇ كۆمۈركان 600 مىڭ يۈەننى كان قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتسە، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ روناق تاپمامدۇ؟

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا باي ناھىيىسىدىكى كۆمۈركانلىرى كۈنىگە 70 ماشىنا (تەخمىنەن 1000 تونىنا) كۆمۈر ساتىدىكەن …

مەركەز يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قوللاش، راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇۋاتسا، ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسى بولمىغان بۇ «شىركەت» كارخانىلار بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پوقاقتەك قىستىلىۋېلىپ، توساق قۇرۇپ، پۇل يىغىۋالسا، بۇ مەركەزنىڭ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش بولمامدۇ؟

باي ناھىيىسىدە «كۆمۈر سېتىش شىركىتى» 1992 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان، كىشىلەر بۇنىڭدىن نارازى بولغان. 1993 - يىلى «شىركەت» نىڭ توساقچىلىرى بىلەن سايرام يېزىلىق كۆمۈركان ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرا تۇغۇلۇپ، بىر توساقچى كان باشلىقىنىڭ بويىنىغا پىچاق تىقىپ، ئېغىر يارىلاندۇرۇش قانلىق ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئەھۋالدىن ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەر خەۋەر تېپىپ، «شىركەت» ۋە ئۇنىڭ توساقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، بۇ «شىركەت» يەنە ئەسلىگە كېلىپ، ئالتە يەرگە توساق قۇرغان. كۆمۈركان كارخانىلىرىنىڭ كۆمۈر سېتىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، نۇرغۇن كۆمۈرلەر يامغۇردا ئېقىپ، ئاپتاپتا قۇرۇپ، زىيان بولغان. چۈنكى، كۆمۈرلەرنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىشقا «شىركەت» قوشۇلمىغان.

«بار كەتمەننى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ خان غوجام» دېگەندەك، كۆمۈركان بىلەن «شىركەت» ئوتتۇرىسىدا چاكارلىق ۋە خوجايىنلىق مۇناسىۋىتى شەكىللىنىپ قالغان. كۆمۈركان بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن «خان غوجام» غا ئايلىنىپ قالغان «شىركەت» ۋە ئۇنىڭ توساقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، كۆمۈركان كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كەڭ ئاممىنىڭ ساداسىغا ئايلىنىپ قالغان.

# ۋەكىل سايلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك



سايلام خىزمىتى جەريانىدىكى ئويلىغانلىرىم

○ ئەنۋەر شاشرىپ ○

هازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازارلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

خەلق قۇرۇلتايلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش خىزمىتى ئەڭ ھالقىلىق خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش، ۋەكىللەرنىڭ سانىنى بېكىتىش، قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مۇۋاپىق سايلام رايونلىرىغا بۆلۈپ، نامزاتلارنى تاللاپ چىقىش، رەسمىي ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش سايلام خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم جەريان ۋە ئەڭ مۇھىم ئىنچىكە ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا بارلىق سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر نامزاتلارنى كۆرسىتىش ۋە ۋەكىل سايلاش جەريانىدا بىر كىشىلىك مۇقەددەس ھوقۇقىنى دېموكراتىك ئاساستا يۈرگۈزەلەيدۇ.

بۇ يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزا بەش مەھەللە كەنتىدە ۋەكىل سايلاش خىزمىتى ناھايىتى ئۆلچەملىك ئېلىپ بېرىلىپ، دېموكراتىك ئاساستا ۋەكىل سايلاشنىڭ نامايەندىسى بولدى.

تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى بەش مەھەللە كەنتى تۆت ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 815 نەپەر سايلىغۇچى تىزىملىنىپ ئېلان قىلىنغان. بۇ كەنت يېرى ئاز بولسىمۇ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلغان كەنت. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يېزىلىق سايلام ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سايلام تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلىگەن، كەنت بىر تەشۋىقات رادىئوسى قۇرۇپ تەشۋىقاتنى ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ دېھقانلارغا چۈشىنىشلىك قىلىپ ماتېرىيال يېزىپ چىقىپ ھەر كۈنى ئوقۇغان، ھەر قايسى دۈيلەرنى بىرلىك قىلىپ گۇرۇپپا تەشكىللەپ، گۇرۇپپا ئاستىدا ئون ئائىلىنى بىر كىچىك گۇرۇپپا قىلىپ گۇرۇپپا باشلىقى بېكىتىپ، قاتلاممۇقاتلام يىغىن ئاچقان، ۋەكىل سانى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن بارلىق سايلىغۇچىلارنى دېموكراتىك ئاساستا نامزات كۆرسىتىشكە تەشكىللەپ، بىرىنچى قەدەمدە ئۈچ ۋەكىلگە 16 نامزاتنى ئوندىن ئارتۇق ئادەم كۆرسىتىپ تاللاپ چىققان. يەنە غۇلغۇلا قىلىپ تەييارلىق بېلەت تارقىتىش ئارقىلىق 16 نامزات 14 نامزاتقا قىسقارغان. يېزىلىق سايلام ھەيئىتىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە كۆپچىلىك سايلى-

غوچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئاخىرى بەش نامزات تاللانغان، تاللانغان نامزاتلارنىڭ ماتېرىيالى يېزىلىپ تەشۋىق قىلىنغان.

ۋەكىل سايلاشتا بىر سايلام رايونىدا بىر پۈنكىت تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن كەنت بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ بىلەت تاشلاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يىغىندىن بۇرۇن گۇرۇپپىلار، كىچىك گۇرۇپپىلار بويىچە يىغىن تەشۋىقاتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئائىلىمۇ ئائىلە ئايلىنىپ يىغىنغا قاتنىشىپ بىلەت تاشلاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە سايلىغۇچىلارنى قايتا ستاتىستىكىلاپ چىققان. سىرتقا كەتكەن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، كۆمۈر كانلاردا ئىشلەۋاتقانلارمۇ قايتىپ كەلگەن. سايلام كۈنى ئەتىگەندىلا سايلام پونكىتى ئادەمگە لىق تولغان، ئاۋۋالقى كۈنى قاتناشمايمەن دېگەنلەرمۇ، باشقىلارغا ھاۋالە قىلماقچى بولغانلارمۇ ھەممىسى ئۆزى كېلىۋالغان، ئالدىنقى كۈنلىرى سايلام كادىرلىرى نەسىھەت قىلسىمۇ قىلچە قولاق سالمىغان بەزى پىكرى كۆپ ئائىلىلەر، ھەتتا غەۋغا چىقارماقچى بولغان ئائىلىلەرمۇ شۇ كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ، يىغىن مەيدانى تەييارلىقلىرىغا ياردەملىشىپ گىلەملەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. كۈنىگە 1000 يۈەنلەپ پايدىغا ئىشلەيدىغان بايۋەچچىلەرمۇ سايلامنى ئەۋزەل بىلىپ يىغىنغا كەلگەن.

يىغىن مەيدانىمۇ ياخشى تەييارلانغان، ئولتۇرىدىغان ئورۇنلارمۇ شۇنداق رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ناغرا، سۇنايلار چېلىنىپ، بايراقلار لەپىلدەپ تۇرغان، ئوقۇغۇچىلار گۈللەرنى كۆتۈرۈپ تىزىلىپ سايلىغۇچىلارنى قارشى ئېلىۋاتقان، ھەممە ئادەم چىرايلىق كىيىنىپ يۈزلىرىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان كۆرۈنۈش بۇ مەھەللىنى بايرام تۈسىگە كىرگۈزۈۋەتكەن، ھەممە كىشى شادلىق ئىچىدە ئۈسسۇلغا چۈشۈپ، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر خىل كۆرۈنۈش بارلىققا كەلگەن.

سايلام يىغىنىغا 760 نەپەر سايلىغۇچى كەلگەن بولۇپ، بۇ سايلامغا قاتنىشىشقا تىزىملىكلەرنىڭ %93 ىگە يېقىنلاشقان. شۇڭا سەييارە ساندۇق تەسىس قىلىنمىغان، 55 نەپەر سايلىغۇچى ھەر خىل سەۋەبلەردىن يىغىنغا قاتنىشالمىغان. يىغىن قانۇنىي تەرتىپلەرگە ئۇيغۇن ئېچىلىپ شۇنداق ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشقان. دېھقانلار خۇددى ئۆزلىرىنى خوجايىندەك ھېس قىلىپ، ئۆز غورۇرىنى چۈشەننىپ، شۇنداق تەرتىپلىك، رەتلىك ھالدا يىغىنغا قاتنىشىپ، بىلەت تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئالىي ھوقۇقىنى ئىشلەتكەن.



ھازىر يېزىلىرىمىزدا بۇنداق يىغىنلارنى ئېچىش يەنىلا ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەش، ئەتراپلىق ئىشلەش، ھەر خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، ئاممىنى جەلپ قىلىش، ئاممىنىڭ ئويۇشۇش، تەشكىللىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاجىز ھالقىلارغىچە تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى يېتەكچى رەھبەرىي خادىملار توغرا دادىل يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بۇ يىل ۋەكىل سايلاش خىزمىتىدە بەزى ئورۇنلار خىزمەتنى پۇختا ئىشلىمىگەنلىكى ئۈچۈن يەنە قىسمەن مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلەن: 1. ئۇن كىشىدىن ئارتۇق سايلىغۇچى بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشكە سەل قاراپ، رەھبەرلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە نامزات كۆرسىتىش. 2. باشقا نامزات چىقمىدى دەپ ۋەكىل سانى بىلەن نامزات سانىنى ئوخشاش قىلىپ قويۇش. بىر رايوننىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا نامزات تاللىغاندا رىقابەتلەشىشكە ئادەم چىقمىغان، لېكىن رەسمىي ۋەكىل سايلىمىدا ئۇنىڭغا رىقابەت ئاۋاز كۆپ چىقىپ كەتكەن. بۇ بۇرۇن نامزات كۆرسىتىشنىڭ ئىنچىكە بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 3. نامزاتلارنى تامغا چىقىرىپ قويۇپلا تەشۋىق قىلمىغان، نەتىجىدە بە-

زى سايلىغۇچىلار سايلام كۈنىگىچە بۇنى بىلەلمىگەن. 4. سايلام بېلىتى تاشلىغاندا بىر قىسىم ئادەملەرگە ئۇقتۇرمايلا يىغىشتۇرۇۋەتكەن، نەتىجىدە سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرى چىققان. 5. نۇرغۇن سايلىغۇچىلار ۋەكىل سايلاشنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك قاراپ سايلامغا قىزىقمىغان. 6. نۇرغۇن سايلام رايونلىرى بىر يەردە توپلىشىپ سايلام يىغىنى ئېچىشنى ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق دەپ قاراپ، يىغىن تەييارلىقىدىن قېچىپ، سەييارە ساندۇق تەسىس قىلىپلا ئىشنى يىغىشتۇرۇۋەتكەن. 7. بەزى سايلام يېتەكچىلىرى سايلام خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى، قانۇنىي تەرتىپلىرىنى تولۇق بىلمىگەچكە، خىزمەتتە چۇۋالچاقلىق ۋە تەرتىپلەرنى بۇزۇپ ئىشلەيدىغان ئەھۋاللار سادىر بولغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يىلقى سايلام خىزمىتى بۇرۇنقى خىزمەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ياخشى ۋە ئەتراپلىق ئىشلەندى. تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا بەش مەھەللە كەنتىنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى ۋە بىر قىسىم ياخشى بولمىغان ئورۇنلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى يەكۈنلىگەندە تۆۋەندىكىلەرنى ھېس قىلدىم.

1. پۈتكۈل سايلام خىزمىتى جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ خىزمەتنى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ئىشلىشى، يېتەكلىشى كېرەك. شۇنداقلا سايلامغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەھبەرلەر ۋە سايلام يېتەكچىلىرى سايلام خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، قائىدە - تەرتىپلىرىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك.

2. تەشۋىقات خىزمىتىنى ۋە سايلامغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە - نىزاملارنى شۇ سايلام رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

3. بۇ خىزمەتنى ئىنچىكە ھەم بېشىدىن باشلاپ پۇختا ئىشلەش، شەكىلۋازلىق، دورامچىلىق قىلماسلىق كېرەك.

بەش مەھەللە كەنتىدە بۇ خىزمەتنى گۇرۇپپا، كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئىشلىگەن، بىر قانچە قېتىم ساھەلەر بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچقان، بىر پىكىردە بولمىغان كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنىمۇ پۇختا ئىشلىگەن. سايلام خىزمىتى باشلانغاندىن تارتىپ چوڭ يىغىن تەييارلىقىغىچە ھەممە ئىش ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

4. سايلام چوڭ يىغىنى ئېچىشتىن بۇرۇن يىغىن تەييارلىقى ۋە سايلىغۇچىلارنى تولۇق قاتناشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىنچىكە ئىشلەش كېرەك. بەش مەھەللە كەنتىدە مەخسۇس ئىككى ئادەم مەيدان تەييارلىقى قىلسا، مەخسۇس سەككىز ئادەم سايلىغۇچىلارنى قايتا ئېنىق تىزىملاپ يىغىنغا قاتناشتۇرغان.

5. بىر سايلام رايونىدا زور كۆپچىلىك ئالدىدا سايلام ئۆتكۈزۈپ بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى سايلىغۇچىلارنىڭ ئۆز ھوقۇقى، غورۇرىنى تونۇپ، ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، سايلام خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، سايلام تەرتىپلىرىنىڭ تولۇق، تەرتىپلىك بولۇشىغا پايدىلىق. شارائىت يار بەرسىلا بەش مەھەللە كەنتىدەك سايلام ئۆتكۈزۈش كېرەك.

شۇنى ھېس قىلدۇقكى، سايلام خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە ئۇنىڭ ئىجابىي رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىز بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىدىن



# نامرات يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى

ئىدرىس قادىر

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى «ئۆز قىيىنچىلىقىم» دەپ بىلىپ، ئامال بار ئۇنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ يولدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ تۆھپە قوشۇپ، خەلققە بەخت يارىتىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭمۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭمۇ شەرەپ كەلتۈرىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بولمايدۇ.

قاغىلىق ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، غوجىئېرىق يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچىسى ئامانگۈل ئىدرىس ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى.

قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىكى كادىر ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ئامانگۈل 1983 - يىلى 11 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، ئۆز ئۆيىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەمىر باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلىقتەك بۇ مۇقەددەس، شەرەپلىك كەسىپنى قىزغىن سۆيۈپ، جاپاغا چىداپ ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1987 - يىلىغا كەلگەندە تەشكىل ئۇنى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ناھىيە بازىرىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غوجىئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا يۆتكىدى.

ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى يادائغۇ - مىسكىن چىرايلار، تۈرلۈك ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن بىچارە قىياپەتتە تۇرۇۋاتقان كىچىك بوغۇنلار بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاينىڭ قاتنىشى قولايسىز، تۇرمۇش مۇلازىمەت ئىشلىرى يېتەرسىز، ھەتتا قورساق ئاچقاندا، ئاش - نان ئېلىپ يېگۈدەك ئاشخانا، ناۋايخانىلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. «ھەممە ئادەم شارائىتى ياخشى جايدا ئىشلەشنى تەلەپ قىلسا، غوجىئېرىقتەك نامرات جايدا كىم ئىشلەيدۇ؟ بۇنداق جايلار ئىقتىدارلىق ئادەم بولمىغانلىقتىن نامراتلىقتىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىلگىمۇ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان گەپ. تەشكىل ئىشىنىپ مېنى بۇ جايغا ئەۋەتكەنكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت ئېھتىياجى شۇنداق ئىكەن، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىم كېرەك» دېگەن ئىرادىگە كەلدى.

ئامانگۈل كەنتنىڭ تام - تورۇسلىرىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كونا بىر ئېغىز ئۆينى ۋاقىتلىق ماكان قىلىپ ئولتۇردى. پۇرسەت بولسىلا دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. دۆڭ ھويلا كەنت 4 - مەھەللە گۇرۇپپىسىدىكى نامرات دېھقان سادىق بارات ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا 45 يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى. 1 - مەھەللە گۇرۇپپىسىدىكى مامۇت ھاۋازنىڭ باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، نورمال ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي كەلگەن ئىككى بالىسىنى چۈمۈلە، ھۆپۈپ بالىسى قاتارلىقلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن دورا ياساپ، بالىلارنىڭ بېشىنى يىرگىنمەي كۈندە بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۆزى ياسىغان دورىسىنى چېپىپ، ئۈدا ئىككى ئاي داۋالاش ئارقىلىق ساقايتتى. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلاردىن بىردەممۇ ئايرىلماي،

ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ،
ئائىلە تۇرمۇشى، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.
جىددىي تۇسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن
ئوقۇغۇچىلارغا قولىدىن كېلىشچە ياردىمىنى ئايە-
مىدى. ئوقۇغۇچى يۇسۇپ ئىسلامنىڭ دادىسى ۋا-
پات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى باشقا ئەرگە
ياتلىق بولغان. ئۆگەي دادا يۇسۇپ ئىسلامنى خار-
لاپ ئۆيگە كىرگۈزمىگەن، بۇ ئەھۋالنى ئۇققان
ئامانگۈل ئائىلە سۆھبىتى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى
ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ، ئۆگەي دادىسىنى بالىغا
قارايدىغان ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش، ئوقۇش ئەھۋالىدىن
خەۋەر ئالىدىغان قىلدى. يەنە ئاتا - ئانىسى ئاجرى-
شىپ، باشقىلار بىلەن توي قىلغانلىق تۈپەيلىدىن
ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالغان ئىدرىس ھېبىبۇللا ئى-
سىملىك ئوقۇغۇچىنى تەربىيە ئارقىلىق چوڭ دادى-
سىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە بۇ
ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئوقۇش راسخوتىنى ئۆز
ئۈستىگە ئېلىپ ئۈچ يىلدا 180 يۈەن ياردەم قىل-
غانىنىڭ سىرتىدا يەنە 45 يۈەن قىممىتىدە كىيىم
- كېچەك قىلدۇرۇپ بەردى.

ئامانگۈل ئىدرىس ھەر بىر قاتاردا ئوقۇتقان
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ ئىگە-
لەپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاپ، ئىش
ھەققى ئاز، ئائىلىسىدە بەلگىلىك قىيىنچىلىقى
بولغان ئەھۋالدىمۇ، ئۆتكەن 11 يىلدىن بۇيان،
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 32 نامرات ئوقۇغۇچىلارغا
2460 يۈەن نەق پۇل، 600 يۈەن قىممىتىدە كى-
يىم - كېچەك ياردەم قىلدى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتى-
سادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئو-
رۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان نۇرئەلا قاۋۇل، ئابلى-
مىت تۇرۇپ قاتارلىق تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۆ-
زى ئىگە بولۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز
يېنىدىن 100 يۈەن چىقىم قىلىپ داۋالاتتى. ئۆت-
كەن يىل 5 - ئايدا مەكتەپتە ئۇشتۇمتۇت يۇقۇملۇق
كېسەل پەيدا بولغاندا، ئامانگۈل كېچە - كۈندۈز
دوختۇر - سېسترالارغا ياردەملىشىپ، بۇ ئىش
ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 60 يۈەن چىقىم قىلىپ،
كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا
باشقىلارغا ئۈلگە بولدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە يې-
زىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىكى ئايتۇراخان قا-
تارلىقلارغا 150 يۈەن قىممىتىدىكى سەككىز ياقى-
لىق كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى.

ئامانگۈل ئىدرىسنىڭ دېھقانلارغا بولغان مې-
ھرىبانلىقى، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان كۆيۈمچانلى-
قى، ئۆز مەنپەئەتىنى ياش ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى
ئۈچۈن خالىس قۇربان قىلىش روھى بۇ يېزىدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە
ھۆرمىتىنى قوزغىدى. ئۇلار ئامانگۈلنى «دېھقانلار-
نىڭ سىرداش دوستى» ، «كۆيۈمچان ئانا» ، «مېھ-
رىبان ئۇستاز» ، «شاپائەتچى باغۋەن» دېگەنگە
ئوخشاش مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن ھۆرمەتلەپ،
ياخشى تەرىپىنى قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئارقى-
سىدا پەرزەنتلىرىنى ھەر قانداق قىيىنچىلىق بو-
لۇشتىن قەتئىينەزەر تولۇق ۋە ئاخىرغىچە ئوقۇ-
تۇش قارارىغا كېلىشىپ، ئوقۇش يېشىغا توشقان
ھامان ئۈزلۈكسىز مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدىغان ۋە
داۋامسىزلىق قىلدۇرمايدىغان ياخشى باشلىنىشنى
بارلىققا كەلتۈردى.

ئامانگۈلمۇ ياش ئەۋلادلارنى ھەر تەرەپلىمە
ياخشى تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولماي-
دىغان مۇھىم بىر بۇرچى قىلىپ، پارتىيە مەركى-
زىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى، دېڭ
شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، باش شۇجى جياڭ زېمىن-
نىڭ مۇھىم سۆزلىرى، دۆلەتنىڭ مائارىپقا ئائىت
قانۇن - نىزاملىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي
ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ
ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىشتا
چىڭ تۇرۇپ كەلدى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمە-
لىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئۇلارغا قارىتا غايە،
ئىنتىزام، قانۇن - تۈزۈم، مۇقىملىق، ئىتتىپاق-
لىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشنى ئىز-
چىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئالىملار، ئاتاغلىق
قەھرىمان، نەمۇنىچىلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش -
ئىزلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى
تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق
ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. ئۆزىنىڭ ھەر
قايسى پەنلەر بويىچە بىلىم ئاساسىنىڭ پۇختا ئەت-
راپلىقلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى ئىشقا سېلىپ، ما-
ئارىپ ئىسلاھاتى ۋە ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ئا-
ساسەن، ھەر سائەتلىك دەرسنىڭ مۇھىم، قىيىن
نۇقتىلىرى، توپ مەزمۇنى ۋە مەقسەت - تەلىپىنى
ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆرسەتمىلىك، تەجرىبە-

لىك ۋە ئوبرازلىق ئوقۇتۇش ئۇچۇن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. «ئەلاچى»، «ئۇچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى ھۆددىگە بېرىش، ئۇزى ئايرىم يېتەكلەش، بەزىدە ئۆيلىرىگە بېرىپ دەرس تولۇقلاش يوللىرى بىلەن ئۇلارنى ئالدىنقىلارغا يېتىشتۇرۇپ، تەكشى تەرەققىي قىلدۇردى.

ئامانگۈل ئىدرىس ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى زىچ بىرلەشتۇرۇش يۈزىسىدىن پېئونېرلار پائالىيىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى، نۇتۇق سۆزلەش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، ئەمگەك، پەن ـ تېخنىكا تەربىيىسى قاتارلىق ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. ھەر قارارلىق سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىشى، داۋامى، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرىدىن بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ھامان يۇقىرى بولۇپ، سىنىپ كۆچۈشى 100%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشى 85% ئەتراپىدا بولدى.

ئامانگۈل ئىدرىس بالىلار مائارىپ خىزمىتىنى ئىزچىل تۇردە چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كەنتلەردە ئېچىلغان ساۋاتسىزلىقنى يوقۇش سىنىپلىرىغا 50 سائەتتىن ئارتۇق خالىس دەرس ئۆتتى. ياسىن ھېيت قاتارلىق ئالتە نەپەر ساۋاتسىز دېھقانىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئايرىم ئوقۇتۇپ، مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ساۋادىنى چىقاردى. يېزىلىق تولۇقسىز مەدەنىيەت تولۇقلاش سىنىپىغا باشقىچىلىق، كېڭەز تېرىش، پەرۋىش قىلىش، پىلە ـ ئۈزۈمچىلىك تېخنىكىسى بويىچە 20 سائەتتىن ئارتۇق دەرس ئۆتتى. مەكتەپتە بولسا ياش، يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەپ، ئۇلاردىن سەككىزنى ئىدىيە، مەدەنىيەت، كەسپىي جەھەتلەردىن يېتىشتۇردى. مەكتەپ تەشكىلىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلىنىشىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشتى.

1997 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، ئۇز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋەكىللىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش يولىدا ئىزدەندى ۋە ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا دادىل پىكىر بايان قىلىپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۇردى. ئامانگۈل ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ تەلەپلەرگە ئاساسەن، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزا مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولغان ئەھۋالدىمۇ مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، كۆپ قىسىم مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۇڭشاپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى. مۇناسىۋەتسىز گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ مۇشتەرى قىلغۇزىدىغان ئىشلارنى تۈزىتىپ مۇشتەرى قىلىشتا ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىنى يولغا قويدى. يېزا باشلىقلىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چىقىم قىلىۋېتىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتنى تۈزىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئامانگۈلنىڭ بۇ ئىشىدىن كەڭ خەلق ئاممىسى كۆپ خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنى «ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلىمىزدىكى گەپنى قىلىدىغان ياخشى ۋەكىل» دەپ ماختاشتى. ئامانگۈل ئىدرىسنىڭ جاپالىق ئەجرى ئۇنىڭغا ئىزچىل تۇردە شان ـ شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ يىللاردىن بۇيان «ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى»، «ئىلغار تەربىيىچى»، «نامراتلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەنگە ئوخشاش شەرەپلىكناملار بىلەن سەككىز قېتىم مەكتەپ دەرىجىلىك، ئالتە قېتىم يېزا دەرىجىلىك، بەش قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە شۇ ئاساستا «مەملىكەتلىك نامرات رايونلاردىكى ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچى» نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىپ، ماتېرىياللىرى يۇقىرىغا يوللاندى.

خەلق قۇرۇلتىيى سىپىدە

# دۇڭ شۇەن قانۇننى ئىجرا قىلىش، بازار ئىگىلىگى

○ ليۇ جىنسېن ○

«كېيىنكى خەننامە» 67 - جىلدىدا يېزىلغان دۇڭ
شۇەننىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان-
دا، دۇڭ شۇەن شەرقىي خەن چېنلىيۇ ۋىلايىتى ۋېيشياڭ
يېزىسىدىن بولۇپ، مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا قا-
بىلىيەتلىك بولغاچقا، پايتەختكە ئالاھىدە چاقىرتىلىپ لوياڭ
ناھىيىسىگە ئامباللىققا تەيىنلىنىدۇ. شەرقىي خەن گۇاڭ
ۋۇدىنىڭ ئاچىسى مەلىكە خۇياڭ ھوقۇق ۋە كۈچ بىلەن بىر
مەھەل كۆرەڭلەپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى قۇل - دې-
دەكلەر ئاشۇ ئىمتىيازغا تايىنىپ، كىشىلەرنى بوزەك ئې-
تىپ، لوياڭ شەھىرىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدۇ. بىر
قېتىم مەلىكە خۇياڭنىڭ بىر چاكىرى كۈپكۈندۈزدە ئوچۇق
- ئاشكارا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاندا، مەلىكە خۇياڭ بۇ قاتىل-
نى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ خۇن
تۆلىتىپ جازاغا تارتمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنى يوشۇ-
رۇپ تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ. لوياڭ
ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ،
بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىشقا بەل باغلايدۇ. دۇڭ شۇەن
ھېلىقى قاتىللىق قىلغان چاكارنىڭ مەلىكە خۇياڭنىڭ ھار-
ۋىسىنى ھەيدەپ سىرتقا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان-
دا، ئۇنىڭ شيامېن شىپاڭىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى قىياس قى-
لىدۇ - دە، ئالدىنئالا شيامېن شىپاڭىنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇ-
نۇپ تۇرىدۇ. مەلىكە خۇياڭنىڭ ھارۋىسى شيامېن شىپاڭىغا
يېتىپ كېلىشىگىلا، دۇڭ شۇەن ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇپ،
ھارۋىنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىگىمۇ يول قويمايدۇ ۋە
مەلىكە خۇياڭنىڭ ئۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىنى قاتتىق تەلەپپۇز
بىلەن بىر - بىرلەپ ساناپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ھارۋا ھەيدىگەن
چاكارنى ھارۋىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. دۇڭ شۇەن
ھېلىقى قارا نىيەت قاتىلنىڭ ھارۋىدىن چۈشۈشىگىلا، دەر-
ھال ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، شۇ
يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. ئىشتىن
كېيىن گۇاڭ ۋۇدى مەلىكە خۇياڭنىڭلا سۆزىنى ئاڭلاپ،
دۇڭ شۇەننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كېلىدۇ -
دە، دۇڭ شۇەننىڭ ئوردىغا كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشى
توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرىدۇ. دۇڭ شۇەن ئوردىغا كىرگەن-
دىن كېيىن، گەرچە كەيپىياتنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى پەملى-
گەن بولسىمۇ، ھېچنېمىدىن قورقماي، تەمكىن ھالدا مەلى-
كە خۇياڭنىڭ چاكىرىنىڭ ئىمتىيازىغا تايىنىپ پۇقرالارنى
بوزەك ئېتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە
سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى پادىشاھلارغا خاس
ئەخلاق قابىلىيەتلىرىگە تايىنىپ، خەن خاندانلىقىمىزنى
گۈللەپ - ياشناتتۇردىلا. خاندانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىك-
لىشىشى، قانۇن - مىزانلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، قارا
نىيەت بۇزۇقلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ئالدىنقى خان-
دانلىقىمىزنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى، ئال-
دىنقىلارنىڭ بۇ ساۋىقىدىن كېيىنكىلەر ئىبرەت ئېلىشىمىز
كېرەك. ھازىر، ئۆزلىرىمۇ جېنىمدىن تويغانلارنىڭ مۆمىن
پۇقرالارنى بىكاردىن بىكار ئۆلتۈرۈشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇ-
ۋاتىلا. مۇشۇنداق بولسا، دۆلەتنى يەنە ياخشى ئىدارە قىلغى-
لى بولامدۇ؟ ئۆزەمگە كەلسەم، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھەم-
مە كۈچىنى ئىشقا سېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۆزەم-
نىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، -
دەيدۇ. دۇڭ شۇەن سۆزىنى تۈگىتىپلا بېشى بىلەن ئوردى-
نىڭ تۈۋرۈكىگە ئۇسىدۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ پۈتۈن باش -
كۆزى قانغا بويىلىپ كېتىدۇ. گۇاڭ ۋۇدى بۇ ئەھۋالنى
كۆرۈپ، ئۆز ئەپتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتىن ساقلىنال-
ماي، دۇڭ شۇەنگە قوللانغان مۇئامىلىسىنىڭ ئانچە ئادىل
بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دۇڭ شۇەننى ئۆلتۈرۈش نى-
يىتىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە يەنە ئۇنىڭغا 300 مىڭ يارماق
تارتۇق قىلىدۇ. دۇڭ شۇەن تارتۇق قىلىنغان بۇ يارماقلار-
نىڭ ھەممىسىنى قول ئاستىدىكى ناھىيە ئەمەلدارلىرىغا تار-

قىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لوياڭ ناھىيىسىدە زالىملارغا زەربە بېرىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇپ، ئاشۇ يەرلىك زومىگەرلەر بىرەر شەپىنى ئاڭلىسىلا يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىدەك بولۇپ كېتىشىدۇ. پۇقرالار بولسا خۇشال - خۇرام تىرىكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە دۇڭ شۈەنگە ھە دەپ مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ.

دۇڭ شۈەن ياشىغان يىللاردىن بىزگىچە بولغان ئارىلىقتا 1900 نەچچە يىل ئۆتتى، ئەمما ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھوقۇق ۋە كۈچتىن قورقماي، ئادالەت يولىدا ھەقنى سۆزلەپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس قەيسەرانە روھى، يەنىلا بىزنىڭ ھوقۇق تۇتقۇچىلىرىمىز بىلەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە بەكمۇ ئەرزىيدۇ. ئاشۇ ئادەم، ئاشۇ ئىش ۋە ئاشۇ نەتىجىلەر بىز تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنىلا ناھايىتى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۈرنەكلىك رولىنى ئوينايدۇ.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نەچچە مىڭ قانۇن، قائىدە، نىزام ئېلان قىلىندى. قانۇن تۈرغۇزۇشتا ھوقۇقلۇق بولغان يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىمۇ 300 دىن ئارتۇق يەرلىك قائىدە، نىزام تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساھەلەردە تايىنىدىغان قانۇن بولۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «1 - بەش يىللىق» ۋە «2 - بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مەزگىللىرىدە، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭى ئۆسۈپ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

ئەمما، نۆۋەتتە «قانۇنغا ئاسلانمايدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولمايدىغان» ئەھۋاللار ھېلىھەم ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى: قانۇننى تولۇق ئىجرا قىلماسلىق، بىر ياقلىق قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى بىر ياقلىق قىلماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولماسلىق. ئالايلۇق، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى مەسلىھەتلىشىش، قانۇننى ئېلاستىك ئىجرا قىلىش، جازانى يەڭگىللىتىش، «ئېغىر جەرىمانە قويۇپ، يېنىك تۇتۇپ تۇرۇش»، «جازانى جەرىمانە بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىش»، ھەتتا قانۇننى پۇلغا سېتىۋېلىش ۋەھاكازا.

«قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولماسلىق» ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرمەسلىكنىڭ سەۋەبى، مېنىڭچە بىرىنچى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى؛ ئىككىنچى، يەرلىك مۇھاپىزەتچىلىكنىڭ ئازدۇرمىچىلىقى؛ ئۈچىنچى، مەمۇرىي جەھەتتىكى ئارىلىشىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى؛ تۆتىنچى، سىنىپىي ئامىللارنىڭ بولغانلىقى؛ بەشىنچى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كەيپىياتىنىڭ قويۇق بولماسلىقىدىن ئىبارەت.

قەدىمقىلار: «جاھاندىكى ئىشلار قانۇن بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، قانۇن ئىجرا قىلىنمىغانلىقتىن تەسلىشىپ كېتىدۇ» دېگەن. «پەرماننىڭ ئىززىتى ئۇنىڭ سۆرى بىلەن، قانۇننىڭ ئىززىتى ئۇنىڭ ئىجراسى بىلەن» دەيدىغان بۇنداق ئىدىيە ۋە ئۇسۇل، نۆۋەتتە دەل قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا بىزدە كەمچىل بولۇۋاتقان، يەنە كېلىپ جەزمەن تەكىتلىنىدىغان تەرەپلەردۇر. ئومۇمەن قانۇن، نىزاملار يولغا قويۇلىدىكەن، ئۇ مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ھەر قانداق ئادەم خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ مۇناسىپ جازاغا تارتىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا قانۇن، نىزاملار بولغان ھالەتتىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولمىغان بىلەن باراۋەر.

«قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغۇچىلار قەيسەر بولسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغۇچىلار ئاجىز بولسا، دۆلەت ئاجىزلىشىدۇ». پەقەت بار قانۇنلارغا تايىنىش، قانۇن بولغانىكەن جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىش ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلا بولسا، كۈنسايىن يېڭىلىنىپ تۇرغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنى ئىشەنچلىك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك، ئوڭۇشلۇق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئېلىمىزنى بالدۇرراق قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

سىراجىددىن ئىسمايىل تەرجىمىسى

# شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنى

○ ئەھمەد سۇلايمان ○

ھەممىگە مەلۇمكى، تارىخ ئۆتمۈشنىڭ ئەينىكى، ئۇ بىزگە ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئېلىپ بارغان تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەڭ جانلىق سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشىمىزغا روھىي مەدەت بېرەلەيدۇ. ھازىرقى دەۋرىمىزدە دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەملىكەتلىرىنىڭ يەر، سۇ ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئورمانچىلىق قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ بار ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا، كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيران قالمايدۇ. بىراق بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن خانلىقى دەۋرىدە تەبىئىي مۇھىتى ناچار، كلىماتى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان شىنجاڭ رايونىدا ئورمانچىلىق قانۇنىدىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر قانۇننىڭ تۈزۈپ يولغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە گەپ بولغاندا بەزى كىشىلەر ھەيران قېلىشى مۇمكىن. بىراق بۇ بىر ھەقىقەت. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە بۇندىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن خانلىقى دەۋرىدە ھازىرقى لوپنۇر رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەدىمكى كىروران خانلىقىدا شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنى تۈزۈلۈپ يۈرگۈزۈلگەن.

قەدىمكى كىروران خانلىقى خەن خانلىقى دەۋرىدە «غەربىي رايوندىكى 36 دۆلەت» دەپ ئاتالغان قەدىمكى خانلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ خانلىق ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلەردىن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە مەلۇمات بېرىلگەن. «خەننامە» غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «پىشامشان خانلىقى ئەسلى نامى كىروران بولۇپ، بۇ يەردىن ياڭگۇەنگە 1600 چاقىرىم، چاڭئەنگە 6100 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 1570 تۈتۈن، 14 مىڭ بىر يۈز كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2912 نەپەر، ئۇنىڭ غەربىي شىمالى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1785 چاقىرىم، قورۇقتاغ خانلىقىغا 1365 چاقىرىم، يەنە غەربى شىمالدىن قۇس خانلىقىغا 1890 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى قۇملۇق ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ. خانلىقتىن قاشتېشى چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ، ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ بولۇپ، ھەربىي قوراللارنى ياساش جەھەتتە چاقىلىقا ئوخشايدۇ»
① دېيىلگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى كىروران خانلىقىنىڭ شەرقى خەن خانلىقى (مىلادى 25 - يىللاردىن — مىلادى 220 - يىللارغىچە) دەۋرىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى، مەدەنىيىتى يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى، دۆلەت تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە ھەربىي كۈچىمۇ زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە كۈچەيگەنلىكى، نەتىجىدە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆز ئەتراپىدىكى چەرچەن، ئەندىر، نىيە قاتارلىق خانلىقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، زېمىن دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەنلىكى، ھەم ئەينى دەۋردە غەربىي رايوندىكى مەشھۇر كۈچلۈك يەتتە خانلىقنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان.
② بىراق تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن ۋە لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي خەن خانلىقى دەۋرىدىن تاكى مىلادى Ⅵ - Ⅴ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي رايون تارىخىدا روناق تېپىپ ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان بۇ كىروران خانلىقى مىلادى Ⅵ - Ⅴ ئەسىرلەرگە كەلگەندە يات قەۋملەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى، دەريا - ئېقىن سۇلىرىنىڭ ئازلاپ، ئېكولوگىيە جەھەتتە قۇرغاقچىلىق

ئاپتىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە يىپەك يولى لىنىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان. لېكىن 1901 - يىلى شۋېتسىيىلىك داڭلىق ئېكسپېدىتسىيەچى سېۋېن ھېدىن (1865 - 1952) لوپنۇر رايونىغا كېلىپ، قەدىمكى كىرورەن شەھرىنىڭ خارابىسىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، گەرچە قەدىمكى كىرورەن خانلىقى ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تارىخ يادىكارلىقلىرىنى، ھۆججەت، ماتېرىياللىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇندىن كېيىن ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگ، تارىخچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى جەريانىدا قەدىمكى كىرورەن خانلىقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرى، كاروشتى يېزىقىدا يېزىلىپ پۈتۈلگەن ھەر خىل قانۇن - تۈزۈم، خەت - چەك، ھۆججەت ماتېرىياللىرى ئىلىم دۇنياسىغا ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت - سەنئىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە قانۇن - تۈزۈمى قايتىدىن نامايان قىلىندى.

نۆۋەتتە كىرورەن خانلىقىغا مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان، كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلۈپ ئېلان قىلىنغان 482 - نومۇرلۇق ھۆججەت قەدىمكى كىرورەن خانلىقىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنىغا دائىر ھۆججەت ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇ بىزگە بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن كىرورەن خانلىقىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنىنىڭ تۈزۈپ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: «ساكانىڭ ئەرزىگە ئاساسلانغاندا، مولەينايا ئۇنىڭ مۈلكى يېرىگە ئېرىشكەن، ئەمما Sadavidas بىلەن Karasenavas مەزكۇر يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشىغا يول قويماپتۇ، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ. بىر شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى كېسىپ تاشلىشى قانۇنسىزلىقتۇر. سىلەر يەر خېتى ۋە مۆھىرلىك خەتكە ئاساسەن ئەھدىنامە ۋە شاھىدلارنى تەپسىلىي سورۇشتۇرۇپ - تەكشۈرۈپ، چوقۇم بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار. Sadavidas بىلەن Karasenavas نىڭ ئۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئۇلارنىڭ ساكاغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. بۇرۇن قانۇندا دەل - دەرەخ ھاياتلا بولىدىكەن، ھەر قانداق شەخسنىڭ دەل - دەرەخنى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، مۇبادا كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر بىرەر شەخس دەل - دەرەخنىڭ شېخىنى كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق سىيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش قارار قىلىندى ...» ③ دېيىلگەن. مانا بۇ قىسقىغىنە ئەمما ئىنتايىن مەزمۇنلۇق يېزىلغان بۇ ھۆججەت بىزگە تارىم ئويمانلىقىدەك تەبىئىي مۇھىتى ناچار، كىلىماتى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان قەدىمكى كىرورەن خانلىقىدا بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا بىر قەدەر مۇكەممەل، تۈرى ۋە جازا تەدبىرلىرى خېلىلا ئېنىق، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، دەل - دەرەخ ۋە ئورمان ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئۇ سۇ بايلىقىنى قوغداش ۋە ئاسراشتا، يەنە سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش، قوغداپ قېلىش، كىلىماتنى تەڭشەش قاتارلىق تەبىئىي مۇھىتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇندىن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردىلا سۇ ۋە تۇپراقنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ھاياتلىقنى ۋە ئۆزلىرىنى، جۈملىدىن مەڭگۈلۈك بوستانلىقلارنى ساقلاپ قالغىلى، كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا گۈزەل مۇھىت ئاتا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكى، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئىزاھلار:

① «خەننامە» 854 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ T . بوررو «شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋە سىقەلەرنىڭ تەرجىمە توپلىمى» دېگەن ئەسەردىكى 482 - نومۇرلۇق ھۆججەت (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1988 - يىلى باستۇرغان «نىيە ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن)

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

## سايلام خەۋەرلىرى

جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائى-مىي كومىتېتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ توغرا رەھبەرلىك قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ماسلى-شىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، بۇ قېتىمقى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق ۋە بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ئەترابلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئې-رىشتى.

ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە ناھىيىلىك يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇ-رۇلغاندىن بۇيان تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى.

1) ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەركىبىدىكىلەر باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بىرىكتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى توغرىسىدىكى ھۆج-جەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ مۇھىم-لىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

2) سايلام خىزمىتىگە كۈچلۈك كادىرلارنى ئاجرىتىپ ئالدىن تەربىيىلەشنى ياخشى ئېلىپ باردى.

3) سايلام تەشۋىقات خىزمىتى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلدى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى توغرىسىدا رادىئو - تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەپ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلدى. ھەر قايسى يېزا - كەنت (ئاھالىلەر) كومىتېتلىرىدا سايلام خىزمىتى توغرىسىدا پىلاكات، قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىلدى ۋە شوئارلار كەڭ تۈردە چاپلاندى. ناھىيىلىك سايلام رەھبەرلىك گورۇپ-پىسى «تەشۋىقات تېزىسى»، «سايلىغۇچىلارغا خەت»، «سايلىغۇچى-لار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار»، «ئون قانۇنىي سوئال» قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا قەدەر تارقاتتى. ھەر قايسى يېزا (بازار) لىق رادىئو ئۆزېللىرى ۋە كەنت (ئاھالىلەر) كومىتېتى رادىئو پونكىتلىرى ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر قانۇن - نىزاملار ۋە تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئاڭلىتىپ، ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرىنى دېموكرا-تىيە - قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. ھەممە ھەر قايسى يېزا - بازار، كەنت (ئاھالىلەر) كومىتېتى، ئىدارە - ئورۇن ۋە ھەر قايسى مەھەللىلەر بويىچە قاتلاممۇقاتلام ئۆگىنىش، سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزام، سىياسەت، بەل-گىلىمىلەرنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت سايلىغۇ-چىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

4) سايلىغۇچىلارنى ئېنىقلاش، تىزىملاش، ئېلان قىلىش خىز-مەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى.

5) سايلام راسخوتىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا - بازار-لىق خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى مالى-يە، كادىر كۈچى، قاتناش قورالى جەھەتلەردە قىزغىن قوللاپ، ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ پىلاندى-كى بىر قىسىم خىراجەتنى ئالدىن ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

6) نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى بىلەن مۇقىملىق خىزمىتى ناھراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ۋە كۆز پەسىللىك ئىشلەپچىقى-رىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

7) ناھىيىلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى رەھبەر-لىك گورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەر كۈنى يېزا (بازار)، كەنت (ئا-ھالىلەر) كومىتېتى سايلام رايونلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە چوڭقۇر چۆ-كۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، كۆرۈلگەن مەسىلى-لەرنى ۋاقتىدا، نەق مەيداندا ھەل قىلىپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى　تۇرسۇن مامۇت

چىرا ناھىيىسىدە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

مەتقۇربان ھوشۇر

ئاقسۇ شەھىرىدە ئىگىلىنىشىچە، شەھەرلىك خ ق دائىمىي

كومىتېتى بۇ قېتىمقى سايلام خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىن 163 نەپەر خادىم ئاجرىتىپ، سايلام رايونلىرىدا نۇقتىدا تۇرۇپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. شەھەرگە قاراشلىق يېزا - بازارلاردىن جەمئىي 172 نەپەر خادىم ئاجرىتىلىپ ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا كۆندىلىك خىزمەتلەرنىڭ قانۇنىي سۈرۈك ئىچىدە ئورۇندىلىشىغا پۇختا ئاساس سېلىنغان.

قۇربانجان مەسۇم

باي ناھىيىسىدە خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، يېزا - بازارلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى

ھەسەن ئابدۇۋەلى

گۈلچېمەن تۇنىياز

توقسۇ ناھىيىسىدە يېزا (بازار) لىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا

پەرھات بارات

مارالبېشى ناھىيىسى ئالاغىر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېزىدا توققۇز كىشىدىن تەشكىل تاپقان سايلام ھەيئىتى قۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا تەۋەسىدىكى 22 مىڭ 247 نەپەر ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىن 10 مىڭ 245 نەپەر سايلام يېشىدىكىلەرنى تىزىملاپ چىقىپ، ئۇلارنى 28 سايلام رايونىغا ئايرىپ، ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا ئۈچتىن يەتتىگىچە بولۇپ 131 ئادەم قاتناشتۇرۇلغان سايلام ھەيئىتى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاپ ئېلان قىلدى.

ئالاقىدار ئورۇنلاردىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ «سايلام قانۇنى» ۋە سايلام ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىلەن سايلام تايانچىلىرىنى تەربىيىلىدى. 280 پارچە سايلام تەشۋىقات ماتېرىيالى تەييارلاپ ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا تارقىتىپ بەردى. ھەر قايسى سايلام رايونلىرى بويىچە 78 نۆۋەت تەشۋىقات يىغىنى ئېچىلىپ سايلام خىزمىتى ھەققىدە 31 مىڭ 235 ئادەم قېتىم مەخسۇس تەشۋىقات پروگراممىسى تەييارلاپ، سىملىق رادىئو ۋە تېلېۋىزور ئارقىلىق سايلام ھەققىدىكى بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىندى. دەسلەپكى ۋەكىل نامزاتى كۆرسىتىش سايلىمى ئېلىپ بېرىپ 53 نەپەر رەسمىي خەلق ۋەكىلىگە 163 نەپەر ۋەكىل نامزاتى كۆرسىتىلدى.

ئوسمانجان بارات

ئازادگۈل رېشىت

## تيانشان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكلىپ بېجىرگۈچى مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر ۋە ئىلغار بېجىرگۈچى ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلىدى

1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تيانشان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان مۇنەۋۋەر خەلق ۋەكىللىرى ۋە تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل بېجىرگەن ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 18 يىلدىن بۇيانقى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكلىپلەرنى بېجىرگۈچى ئورۇن، شەخسلەرنىڭ پارتىيە ئىشلىرى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈكۈپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىردەك بۇ قېتىملىق يىغىن تەجرىبەلەرنى يەكۈنلەپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، كۆرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتىدىغان سەپەرۋەرلىك يىغىنى بولدى، دەپ ھېسابلاشتى.

ئالىم ياسىن




سۈرەتتە يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش

# ئەينەكتىكى ئىز

○ ئادىل مەتنىياز، ئابدۇللا ئىليار ○

1998 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست كېچە

كۆكتىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار تەبىئەتنىڭ داستىخىنى سېخى كۈزنىڭ مول نازۇ نېمەتلىرىگە لىق تولغان، قاراقۇرۇم باغرىدىكى داڭلىق مېۋە ـ چېۋە ماكانى دەپ نام ئالغان قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ خاسىيەتلىك مۇنبەت تۇپرىقىغا مەسلىكى كەلگەندەك شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا بىر قارا گەۋدە خۇددى قاراڭغۇ تۈگمەندىكى ئەرۋاھتەك تىمىسقىلاپ «بەخت يولى سودا بازىرى» نىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، سائىتىگە قارىدى، سائەت ئىسترېلكىسى كەچ سائەت 11 يېرىم بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئەتراپنى زەن سېلىپ كۆزەتتى. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقىمۇ، كەچلىك ئولتۇرۇشلاردىن، تىياتىرلاردىن تارقىغان ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپتا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى زارىقىپ كۈتۈۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ پۇرسەت ئىدى. ئۇ تام تۈۋىدىكى دەرەخكە خۇددى مايمۇندەك چەبدەسلىك بىلەن يامىشىپ، تام ئۈستىگە كۆچمەيلا چىقىپ، قورۇ ئىچىگە كىردى. ئاندىن خىزمەت بىناسىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، بىر دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى ـ دە، ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر ئامبۇرنى ئېلىپ، دېرىزە سىم تورلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كېسىپ، ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلغاندىن كېيىن، ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، پايپاق بىلەن ئىشخانا ئىچىدىكى دېرىزە تۈۋىگە جۈپلەپ قويۇلغان ئۈستەلگە دەسسەپ، ئاندىن يەرگە چۈشتى. قاراڭغۇلۇقتا ئۈستەل تارتمىلىرى بىلەن بىرمۇبىر ھەپىلىشىپ كۆرۈپ، ھەممە تارتمىلارنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۈستەلنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ پەنەركە تاختىسىنى تارتىپ قومۇرۇپ، تارتما ئىچىدىكى كىچىك قول سومكىنى ئېلىپ، كىرگەن جايىدىن سىرتقا چىقىپ، بىر تاكسىنى كىرا قىلىپ تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

**ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى.**

ئىشخانىدا ئەترەت باشلىقى ياسىنجان ئوسمان بىلەن كورەش ھەسەن ئىككىسى تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن بىر بۇلاڭچىلىق دېلوسى ھەققىدە پىكىرلىشىۋاتاتتى. تېلېفوننىڭ تويۇقسىز جىرىڭلىشى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. ياسىنجان تۇرۇپكىنى ئېلىپ، بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن: «بولىدۇ، بىز ھازىرلا يېتىپ بارىمىز، سىلەر نەق مەيداننى بۇزۇۋەتمەي ساقلاپ تۇرۇڭلار» دەپ تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىپ، سەپدىشىغا: «ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسىغا ئوغرى كىرىپ 6060 يۈەن نەق پۇلنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، دەرھال ئاتلىنايلى» دېدى ـ دە، چاقماق تېزلىكىدە دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا كېچە سائەت 2 دىن 14 مىنۇت ئۆتكەنىدى. ئۇلار يېتىپ بېرىپلا سۈرەتكە تارتىش، نەق مەيدان خەرىتىسىنى سىزىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىۋەتتى. بۇ جەرياندا نەق مەيداندا ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ئەينەك يۈزىدىكى پايپاق ئىزى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇلار دېلو يۈز بەرگەن ۋاقىت، شارائىت، نەق مەيداندىكى پايپاق ئىزى، كېسىلگەن دېرىزە سىم تورى ۋە قومۇرۇۋېتىلگەن ئۈستەل پەنەركە تاختىسى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە جىنايەت گۇماندارى بىر ئەر كىشى بولۇپ، ئوتتۇرا بوي، ئۇ بۇ جاينىڭ يەر شەكلى بىلەن پىششىق تونۇش بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇشۇ ئىشخانىدىكى ئۈستەلنىڭ تارت-

مىسىدا پۇل بارلىقىنى ئالدىنئالا بىلگەن دېگەن يەكۈننى
چىقاردى. ئۇنداقتا ئۇ ئادەم زادى كىم؟ بۇ ئەھۋالغا ئاسا-
سەن ياسىنجان رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنى دەر-
هال ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر
ئەينەك يۈزىدىكى پايپاق ئىزى ۋە جىنايەت گۇماندارى تامدىن
ئارتىلىپ كىرگەندە قورۇ ئىچىدە قالغان ئاياغ ئىزىنىڭ
كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈش، ئىككىنچى گۇرۇپپىدى-
كىلەر ئىدارە ئىچىدىكى ئائىلىلىكلەردە ئولتۇرۇشلۇق كى-
شىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشى، ھەمكار-
لىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئورۇندا ئىشلە-
ۋاتقان خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن زادى
كىملەرنىڭ ئىشخانىدا پۇل بارلىقىدىن خەۋىرى بار؟ بۇنى
چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىش ھەققىدە ئېنىق ئىش تەقسىماتى
قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۈزۈلگەن بولۇپ، خورازلار يېڭى
بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ بەس - بەستە
چىللىشاتتى. ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر
تاپقان كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئىككى - ئۈچ يەرگە
چوغۇم بولۇشۇۋېلىپ، دېلو ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. ياسىن-
جان ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى خادىملارنى باشلاپ، شۇ ئو-
رۇندا ئولتۇرۇشلۇق ھەر بىر ئادەم بىلەن بىرمۇبىر ئەستا-
يىدىل سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئىشخانىدىكى پۇلدىن ئىككىلا
ئادەمنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى بىلدى. ئۇلار بۇ مۇھىم يىپ
ئۇچىنى دېلونى پاش قىلىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ،
جىنايەت گۇماندارىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە قانۇن تورىغا
چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئىككىيلەن بىلەن قايتا - قايتا سۆھ-
بەتلىشىش ئارقىلىق، گۈلسۈمنىڭ دېلو سادىر بولۇشتىن
بىر كۈن ئاۋۋال پۇللارنى ئۆز ئۆيىدە ساناپ، رەتلەۋاتقاندا،
ئېرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ پۇل سانىشىپ بەرگەنلىكى-
نى، ئۇ پۇللارنى ئەتىسى ئەتىگەن ئۆز ئىدارىسىنىڭ شەھەر
قىياپىتىنى باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش ئىشخانىسىدىكى
تۇرغۇن ئىسمىلىك كادىرغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى، چۈشتە
ئېرى ئۇنىڭدىن پۇللارنى ئىدارە بوغالتىرىغا تاپشۇرۇپ بەر-
دىڭمۇ دەپ سورىغانلىقى، ئۇنىڭ بولسا تۇرغۇنغا تاپشۇ-
رۇپ بەردىم دېگەنلىكى، شۇ كۈنى كەچتە تۇرغۇننىڭ ئىش-
خانىسىغا ئوغرى كىرىپ، پۇللارنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەت-
كەنلىكىدەك ئەھۋاللارنى ئېنىقلىدى. بۇ جەرياندا بىرىنچى
گۇرۇپپىدىكى خادىملار قورۇ ئىچىدىكى ۋە ئەينەك يۈزىگە
چۈشكەن ئىزلارنى سۈرەتكە تارتىپ، چوڭايتىپ شۇ جايدىكى
كىشىلەرگە كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئۇلار گۈلسۈمنىڭ ئې-
رى مۇشۇنداق ئىزى بار ئاياغ كىيەتتى. دېلو يۈز بەرگەن
كۈنى چۈشتىن تارتىپ ئۇنى كۆرمىدۇق، دەپ ئىنكاس
قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن دېلو پاش قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى
خادىملار دەسلەپكى گۇماننى گۈلسۈمنىڭ ئېرى بالىجان قا-
دىرغا مەركەزلەشتۈردى. ئۇلار ئاسماندا تور، يەردە قاپقان
قۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىز قوغلاپ رازۋېدكا قىلىش نەتى-
جىسىدە، ئۇنى پوسكام ناھىيىسىنىڭ كۆيباغ بازىرىدا قولغا
چۈشۈردى. سوراق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلار ئېنىقلاندى:
جىنايەت گۇماندارى بالىجان قادىر ئەسلىدە قاغىلىق
ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قو-
رۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق يەككە تىجارەتچى بولۇپ، ئەر، ئۇي-
غۇر، 36 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە
ئىگە، ئۇ قانۇنسىز ھالدا قورال ئېلىپ - سېتىش جىنايىتى
سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، 1996 - يىلى 2 - ئايدا مۇددەت-
لىك بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، 1997
- يىلى 2 - ئايدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن
كېيىن، ئۆز قىلمىشىدىن ساۋاق ئېلىپ، توغرا كەسىپ
بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشنى قامدىماستىن، ئەكسىچە
كونا كېسىلى قايتا قوزغىلىپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ كۈن
ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئايالى
گۈلسۈمنىڭ راسخوت يىغىپ كەلگەن پۇللىرىنى سانىشىپ
بەرگەن، ئەتىسى چۈشتە ئايالىدىن پۇللارنى بوغالتىرغا ئۆت-
كۈزۈپ بەردىڭمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئايالى پەرۋاسىز ھال-
دا: شەھەر قىياپىتىنى باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش ئىشخا-
نىسىدىكى تۇرغۇنغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم دېگەن. گۇماندار ئۇ-
زى كۈتكەن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ
كۈنى كەچتە ئوغرىلىق جىنايىتى سادىر قىلىپ 6060 يۈەن
نەق پۇلنى ئوغرىلاپ كەتكەن. دېلو پاش بولغاندىن كېيىن
سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق يوقىرىقى پۇللاردىن 5400 يۈەن
قايتۇرۇۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن 660 يۈەن قايتۇرۇۋې-
لىنمىغان. كادىر - ساقچىلارنىڭ بىر كېچە جاپالىق رازۋېد-
كا قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئوغرىلىق دېلوسى 29 - چىسلا
ئەتىگەن پاش قىلىندى. بۇنىڭغا پەقەت سەككىز سائەتلا
ۋاقىت كەتتى.

(ئاپتورلار قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق
نەپتىش مەھكىمىسىدىن)

# ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە كومىتېت باشلىقلىرىنىڭ ئىسملىكى

1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 1226 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: لىيۇ شاۋچى

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: سۇڭ چىڭلىڭ (ئايال) لىن بوچۈ، لى جىشېن، جاڭ لەن، لو رۇڭخۇەن، شېن جۈنرۇ، گو مورو، خۇاڭ يەنپېي، پېڭ جېن، لى ۋېيخەن، چېن شۇتوڭ، دالاي لاما دەن زېڭجياسو، سەيپىدىن ئەزىزى، چېڭ چيەن.

2 . نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 1222 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: جۇدې

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: لىن بوچۈ، لى جىشېن، لو رۇڭخۇەن، شېن جۈنرۇ، گو مورو، خۇاڭ يەنپېي، پېڭ جېن، لى ۋېيخەن، چېن شۇتوڭ، دالاي لاما دەن زېڭجياسو، سەيپىدىن ئەزىزى، چېڭ چيەن، بەنچيەن ئېردەنى چۆجىجيەنزەن، خې شياڭنىڭ (ئايال)، لىيۇ بوچېڭ، لىن فېڭ.

3 . نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 3037 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: جۇدې

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: پېڭ جېن، لىيۇ بوچېڭ، لى جىڭچۇەن، كاڭ شېڭ، گومورو، خې شياڭنىڭ (ئايال)، خۇاڭ يەنپېي، چېن شۇتوڭ، لى شۆفېڭ، شۇ شياڭچيەن، ياڭ مىڭشۇەن، چېڭ چيەن، سەيپىدىن ئەزىزى، لىن فېڭ، لىيۇ نىڭيى، جاڭ جىجۇڭ، ئاپېي ئاۋاڭ جىنمېي، جۇ جيەنرېن.

4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 2885 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: جۇدې

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: دۇڭ بىۋۇ، سۇڭ چىڭلىڭ (ئايال)، كاڭ شېڭ، لىيۇ بوچېڭ، ۋۇدې، ۋېي گوچىڭ، سەيپىدىن ئەزىزى، گومورو، شۇ شياڭچيەن، نيې رۇڭجېن، چېن يۈن، تەن جېنلىن، لى جىڭچۇەن، جاڭ دىڭچېڭ، سەي چاڭ (ئايال)، ۋۇلەنفۇ، ئاپېي ئاۋاڭ جىنمېي، جۇ جيەنرېن، شۇ دېخېڭ، خۇ جۆۋېن، لى سۇۋېن (ئايال)، ياۋ ليەنۋېي، دېڭ يىڭچاۋ (ئايال).

5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 3497 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: يې جيەنيىڭ

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: سۇڭ چىڭلىڭ (ئايال)، نيې رۇڭجېن، لىيۇ بوچېڭ، ۋۇلەنفۇ، ۋۇدې، ۋېي گوچىڭ، چېن يۈن، گومورو، تەن جېنلىن، لى جىڭچۇەن، جاڭ دىڭچېڭ، سەي چاڭ (ئايال)، دېڭ يىڭچاۋ (ئايال)، سەيپىدىن ئەزىزى، لياۋ چېڭجى، جى پېڭفېي، ئاپېي ئاۋاڭ جىنمېي، جۇ جيەنرېن، شۇ دېخېڭ، خۇ جۆۋېن، پېڭ جېن، شياۋ جىڭگۇاڭ، جۇ ۋېنشەن، شى لياڭ (ئايال)، پېڭ چۇڭ، شى جۇڭشۈن، سۇ يۇ، ياڭ شاڭكۇن، بەن چيەن ئېردەنى چۆجى جيەنزەن، جۇ شۆفەن.

6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 2978 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: پېڭ جېن.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: چېن پېيشيەن، ۋېي گوچىڭ، گېڭ بياۋ، خۇ جۆۋېن، شۇ دېخېڭ، پېڭ چۇڭ، ۋاڭ رېنجۇڭ، شى لياڭ (ئايال)، جۇ شۆفەن، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، بەن چيەن ئېردەنى چۆجىجيەنزەن، سەيپىدىن ئەزىزى، جۇ گۇچېڭ، يەن جىسى، خۇ يۇجى، رۇڭ يىرېن، يې فېي، لياۋ خەنشېڭ، خەن شيەنچۇ، خۇاڭ خۇا، چۇ تۇنەن.

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 2970 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: ۋەن لى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: شى جۇڭشۈن، ۋۇلەنفۇ، پېڭ چۇڭ، ۋېي گوچىڭ، جۇ شۆفەن، ئاپېي ئاۋاڭ جىنمېي، بەنچيەنئېردەنى چۆجىجيەنزەن، سەيپىدىن ئەزىزى، جۇ گۇچىڭ، يەن جىسى، رۇڭ يىرېن، يې فېي، لياۋ خەنشېڭ، نى جىفۇ، چېن مۇخوا (ئايال)، فېي شياۋتوڭ، سۇن چىمېڭ، لېي جيېچيوڭ (ئايال)، ۋاڭ خەنبىن.

8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 2978 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: چياۋشى


مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: تيەن جيۈن، ۋاڭ خەنبىن، نى جىفۇ، چېن مۇخوا (ئايال)، فېي شياۋتوڭ، سۇن چىمېڭ، لېي جيېچيوڭ (ئايال)، چىن جىۋېي، لى شىمىڭ، ۋاڭ بىڭچيەن، پابالا گېلىيېلاڭجيې، ۋاڭ گۇاڭيىڭ، چېڭ سىيۈەن، لۇ جياشى، بۇخې، تۆمۈر داۋامەت، گەن كۇ، لى پېيياۋ، ۋۇ جيېپىڭ.

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 2979 نەپەر.

كومىتېت باشلىقى: لى پېڭ

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: تيەن جيۈن، شيې فېي، جياڭ چۇنيۈن، زۇ جياخوا، پابالا گېلى لاڭجيې، ۋاڭ گۇاڭيىڭ، چېڭ سىيۈەن، بۇخې، تۆمۈر داۋامەت، ۋۇجيېپىڭ، پېڭ پېييۈن، خې لۇلى، جۇ گۇاڭجاۋ، چېڭ كېجيې، ساۋ جى، دىڭ شىسۈن، چېڭ سىۋېي، شۇ جيالۇ، جياڭ جېڭخوا.

**«خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىسى» نىڭ**
**1998 - يىلى 3 - سانىدىن**
**مەخمۇت سايىم تەرجىمىسى**



## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

△ ھەركىم راست سۆز ۋە ھەقىقەتنى ئاۋام خەلقتىن يوشۇرسا، كېسىلىنى تېۋىپ (دوختۇر) دىن يوشۇرسا، ھاجىتىنى دوستلىرىدىن يوشۇرسا، ئۇ ئادەم ئۆزىگە ئۆزى خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

△ ئادەملەر ئىككى گۇرۇھ بولىدۇ؛ بۇنىڭ بىرى ھوشيارلار، يەنە بىرى بىغەملەردۇر. ھوشيارلار ھەمىشە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىشنىڭ ئاخىرىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرىدۇ، بىغەملەر بولسا ۋەقە پەيدا بولغاندا ئاندىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھالى پەرىشان بولۇپ كېتىدۇ، بۇلار جاھىللاردۇر.

— مۇقەفا

بىر كۈن ئىشلەپ ئۆيىڭىزگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى مۇنداق ئۈچ نەرسىنى ئويلاپ كۆرۈڭ:

1. بۈگۈن مەندىن بىرەر خاتا ئىش ئۆتتىمۇ - يوقمۇ؟ ئەگەر ئۆتكەن بولسا، قانداق تەدبىر بىلەن ئۇنى تۈزەتكىلى بولار؟

2. بۈگۈن خەلق مەنپەئەتى يولىدا بىرەر ياخشى ئىش قىلدىممۇ - يوق؟

3. بېپەرۋالىقىم ياكى ئىشقا سەل قارىغانلىقىم ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك قايسى ئىشىم قىلىنماي قالدى ياكى ئاقساپ قالدى؟

(«دانىشمەنلەر ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا» دىن)

ئىلياس ھوشۇر تەييارلىغان

# ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولغان ئۈچ ئۇقۇم توغرىسىدا

○ ئابدۇللا ئىسمايىل ○

ئوقۇتۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» سىياسىتىدىكى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك رايون شۇنداقلا سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندىن ئىبارەت ئۈچ ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ئايدىڭلاشتۇرالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر.

**بىرىنچى، بۇ ئۈچ ئۇقۇمنىڭ پەرقى**

1. ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايونلار ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون بولسا گۇاڭدۇڭ، شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ، فۇجيەن، شيامېن، شاڭخەيدىكى پۇدۇڭ ۋە خەينەن ئۆلكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

2. قۇرۇلغان ئاساسى ئوخشىمايدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» نەزەرىيىسىگە ئاساسەن دۇنيا بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخىي رېئاللىقى ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ 31 - ماددىسىدا زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايون مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدەك ئاساسىي پرىنسىپىغا ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇش ئەنئەنىسى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىش، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئارىلاش ئولتۇرۇشتەك تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون بولسا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېلىمىز ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن دائىرىنى ئايرىپ ئالاھىدە ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويغان رايوننى كۆرسىتىدۇ.

3. يولغا قويىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوخشىمايدۇ.

«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» سىياسىتىگە ئاساسەن شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا تەسىس قىلىنغان ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا كاپىتالىستىك تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزگەرمەيدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلاردا سوتسىيالىستىك تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى تەكىتلەيدۇ.

4. ھەل قىلىدىغان مەسىلىسى ئوخشىمايدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىنى كېلىشتۇرۇپ ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايوننىڭ تەسىس قىلىنىشى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنى تارىختىن قېپقالغان ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاكىت يۈزىدىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش بولسا ئې-

لىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن چەت ئەل مەبلىغى، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر.

5. بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىنىڭ چېكى ئوخشىمايدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا يۈكسەك ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈلىدۇ. دىپلوماتىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمەت باشقۇرغاندىن باشقا، مەمۇرىيەت باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقى ۋە مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرىدىكى تەستىقلاش ھوقۇقىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. بۇندىن باشقا گوۋۇيۈەننىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەسىدە سىرتقا چىقىرىلغان بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايوننىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولسا بىر خىل يەرلىك ھوقۇق بولۇپ، يەرلىك قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ساقچى تەشكىللەش ھوقۇقى، يەرلىك مالىيىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ھەمدە يەرلىكنىڭ مائارىپ - پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى، يەرلىك تىل - يېزىقنى قوللىنىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون بولسا ئۇ ئالاھىدە ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ئالاھىدە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن بەھرىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي تەركىبلىرى چەت ئەل كارخانىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەت مەبلىغى ئاساسەن چەت ئەل مەبلىغىدىن كېلىدۇ. ئىگىلىك مېخانىزمى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىدۇ. بىر قاتار ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى يولغا قويۇلىدۇ. خېلى زور سالماقتىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىلىنىدۇ.

6. ئوينىغان رولى ئوخشىمايدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون بولسا شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ گۈللىنىش مۇقىملىقىنى ساقلاپ ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئېلىمىز سىياسىتىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ مەركەزلىك بىرلىككە كېلىشى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش باراۋەرلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، كۈچىيىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى بىرلەشتۈرۈش، پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون بولسا تېخنىكا كۆزنىكى، باشقۇرۇش كۆزنىكى، سىرتقى سىياسەت كۆزنىكى، بىلىم كۆزنىكى بولۇشتەك رولىنى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ سىناق بازىسى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تەسىر كۆرسىتىپ، ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

**ئىككىنچى، بۇ ئۈچ ئۇقۇمنىڭ ئورتاقلىقى**

1. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىدىكى يەرلىك مەمۇرىي رايونلار بولۇپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىككە بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يەرلىك بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ ھەممىسى ھەر قانداق بىر مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق خاراكتېرىنى ئالمايدۇ.

2. ئۇلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە رايونلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ باشقا يەرلىك مەمۇرىي رايونلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىدىن)

# قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى

دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىلىدىغان ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى؛

2. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلىدىغان ياشانغاندا كۆتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىشسىزلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى؛


△ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش پۇل ئۆلچىمى پرىنسىپ جەھەتتە شۇ جاينىڭ ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمىدىن سەل يۇقىرى بولۇش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق نىسبەت بويىچە يىلدىن يىلغا كېمەيتىلىدۇ، بىراق ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ، شۇ جاينىڭ ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك؛ كونكرېت ئۆلچىمىنى جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتسە بولىدۇ.

△ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىگە كىرىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن يەنىلا ئىشقا ئورۇنلىشالمىسا، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى يەنە بېرىلمەيدۇ؛ ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋاقتى توشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلار، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

△ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كەسىپ جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسىگە كېرەكلىك خىراجەتنى كارخانىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. يۇقىرىقى خىراجەتلەرنى ئاساسىي تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەبلىغى ئىچىدىن چىقىم قىلىشقا بولمايدۇ.

△ كارخانىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىنىڭ ئىش بېجىرىش خىراجىتى ۋە خىزمەتچى خادىملار خىراجىتى كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى چىقىم يولى بويىچە چىقىم قىلىنىدۇ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغى ئىچىدىن چىقىم قىلىشقا بولمايدۇ.

ئوبۇلقاسىم غوپۇر تەرجىمىسى



# يۈكسىلىۋاتقان بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانى



ئىستىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان مەيدان رەھبەرلىك كوللېكتىپى




راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ بۈگۈنگىچە 40 يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان مەيداننىڭ ئىگىلىكى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر تېز سۈرئەتتە ئاشتى. 1997 - يىلى مەيداننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون يۈەنگە، ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7002 يۈەنگە، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3300 يۈەنگە يېتىپ، 1996 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 71%.37، 29%.53 ۋە 54% ئاشتى. مەيدان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ تېخنىكىلىق سېلىنمىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 63.9 كىلوگىرام ئاشۇرۇپ ئېشىش نىسبىتى 35.7% كە يەتتى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 95 كىلوگىرامغا يېتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم مۇقىم ئاشتى. باغۋەنچىلىك مەيدانى 5500 موغا يەتتى. ئامبۇلاتورىيە بىناسى، مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى. مەيداندا ئاسفالت يول ياسىلىپ دۆلەت ئىچىگە بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان تېلېفون ئورنىتىلدى. 1994 - يىلى بۇ مەيدان گوۋيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە سىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن». 1995 - يىلى «مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت ھەمكارلىق كومىتېتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى.


زاۋۇت باشلىقى: جاڭ گۇاڭخۇا

شۇجى: ئىمىن ئابلىز

تېلېفون: 2390028 (0902)

پوچتا نومۇرى: 839129

...نە بىر مول ھوسۇل يىلى





قەغەز ...ۋۇتى

...گازىخوك بويۇملىرى زاۋۇتى



...ئاغىل كالىنى نەسىللەندۈرۈپ ئاتىلىس...

سۈرەتلەرنى جاڭ خېنيەن، خەن لىيەنيۈەن تارتقان

## بىڭتۈەن تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى



...ئىدارە رەھبەرلىرى سۈلياۋ زاۋۇتىنى تەكشۈ...



ئۆزۈم سىرتقا توشۇلماقتا


قىسمەن مەھسۇلاتلار



زاۋۇت باشلىقى: ياۋ جىنبياۋ

# بەنچاۋ هارىقى





زاۋۇت ئۆيلىرى




## شىنجاڭ قۇمۇل شەھەرلىك «بەنچاۋ» هاراق زاۋۇتى

BanChao Winery HaAi City Xinjiang China





ئىشلەپچىقىرىش سېخى


قۇمۇل «بەنچاۋ» هاراق زاۋۇتى 1963 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، مۇقىم مەبلىغى 50 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. يىلىغا 6 مىڭ توننىدىن ئارتۇق هاراق ئىشلەپچىقىرىدۇ. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون يۈەندىن كۆپرەك، سېتىش سوممىسى 40 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، بىر تۈركۈم ساپاسى يۇقىرى كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملار بار.

بەنچاۋ هارىقى ئەلا سۈپەتلىك قوناق، كۆممىقوناق ۋە بۇغداي خام ئەشيا قىلىنىپ، يۇقىرى هارارەتتە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئېچىتىلىپ، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بويىچە ئىشلەنگەن، سۈزۈك، تەملىك بولۇپ، تىلىڭىزدا قالىدۇ، زىياپەتلەردىكى ئېسىل شاراپ.

تىجارەتكە مەسئۇل زاۋۇت باشلىقى: ئوۋشۇبىن

تېلېفون: (0902) 6401105
6401015






بىر يۈرۈش ساپ سۇلار

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بېي فېڭ
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1166/D پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 34 - 58
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى 01005433 باھاسى 2.40 يۈەن